# ئىزدىنىش

(تاللانما)

12

1994

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1994-يىل 12-سان
(ئومۇمىي 78-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1994-يىللىق 18-، 20- ۋە 21-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرقانچە زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى ................. (2)

دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم
—پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات ..................... جېڭ شېكۈي (25)

پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتايلى ................................ گاۋ دېجەن (37)

. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش مۇھاكىمە مۇنبىرى.

قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، قۇمنى تىزگىنلەپ، خەلققە بەخت-سائادەت يارىتايلى ...................................... جاڭ تىڭخۇۋ (41)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى مۇنداق دەپ ئۇقتۇرۇش تارقاتتى: «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش— جىددىي نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىدۇر ......................... (47)

★12-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
تىزغۇچى: جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرقانچە زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى

(1994-يىل 9-ئاينىڭ 28-كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەت ۋە پارتىيە ئەھۋالى تەھلىل قىلىنىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرقانچە زور مەسىلە توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە قارار چىقىرىلدى.

## 1. پارتىيە قۇرۇلۇشى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر

(1) دۆلىتىمىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولىدا ئۇلۇغ ھەم مۇشكۈل ئىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ھازىرقى دۇنيادا زور بۆرۈلۈش بولۇۋاتىدۇ، تۈرلۈك سىياسىي كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش چىرمىشىپ-مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكىنى ئاساس قىلغان ئومۇمىي كۈچى جەھەتتىكى ئېلىشىش كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىپ بېرىۋاتىدۇ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا تەرەققىياتنىڭ كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان ياخشى پۇرسىتى تۇرۇپتۇ، جىددىي سىناقمۇ تۇرۇپتۇ. ئىدىيىدە تېخىمۇ ئازاد بولۇپ، ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئارقىسىدا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمىزنىڭ، ئومۇمىي دۆلەت كۈچىنىڭ ۋە خەلقنىڭ ماددىي-مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى چوقۇم كۈچلۈك ئالغا سۈرۈلىدۇ-دە، دۆلىتىمىزنىڭ تېخىمۇ تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈپ، 21-ئەسىرگە غەلىبىلىك قەدەم تاشلىشى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى—مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئىشلارنى ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەيدىغان ۋە ئۇيۇشتۇرىدىغان يادرولۇق كۈچ. پارتىيىمىز ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالماقتا، دەۋرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بەرمەكتە، شۇڭا،

ئۇ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك سەۋىيىسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى شەرت.

(2) 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە قۇرۇلۇشىدا غايەت زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى.

—ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش جەھەتتە، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلدى، ئىزدىنىش يولىدا، يېڭىلىق يارىتىش يولىدا باتۇرلۇق كۆرسىتىلدى، ھەقىقەت ئەمەلىيەت داۋامىدا سىنىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەن قايتىدىن تۇرغۇزۇلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى.

—نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇش جەھەتتە، ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىسى جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتىگە ۋە دەۋرنىڭ خاراكتېرلىك خۇسۇسىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلدى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى داۋاملاشتۇرۇلۇپ ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ھازىرقى زامان جۇڭگو ماركسىزمى بەرپا قىلىندى.

—سىياسىي قۇرۇلۇش جەھەتتە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنغان، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلغان ئاساسىي لۇشيەن بەلگىلەندى ۋە ئىجرا قىلىندى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ مۇشۇ لۇشيەن ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىقى كۈچەيدى.

—تەشكىلىي قۇرۇلۇش جەھەتتە، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسى جەھەتتە ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان باقىمەندىلىك تۈزۈمى بىكار قىلىندى، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىنقىلابىيلىشىشى، ياشارتىلىشى، زىيالىيلىشىشى ۋە ئىختىساسلىشىشى ئالغا سۈرۈلدى، ئىككىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى بىلەن ئۈچىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئالمىشىشى ئورۇندالدى، پارتىيىنىڭ قوشۇنى ۋە تەشكىلاتى مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى.

—ئىستىل قۇرۇلۇشى جەھەتتە، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە جارى قىلدۇرۇلدى، ھەقىقەتكە ئىنتىلىش ۋە ئەمەلىيەتچىللىك زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىندى، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى قەتئىي ئېغىشماي قانات يايدۇرۇلۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى.

16 يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىز ھەرقايسى جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن ئالەمشۇمۇل ئۇلۇغ غەلىبىلەرنىڭ ھەممىسى پارتىيە رەھبەرلىكىدە قولغا كەلگەن. يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يارىتىلىشى ئۈچۈن تارىخىي زور تۆھپە قوشتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ مۇستەھكەم رەھبەرلىك يادروسى بولۇشقا مۇناسىپ پارتىيە، خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى ۋە ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىغان، ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پارتىيە.

(3) 1992-يىلى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى ۋە پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيى دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى باسقۇچى ئۈچۈن يول ئاچتى. 14-قۇرۇلتايدا يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچى ئورنى تۇرغۇزۇلدى، پۈتۈن پارتىيىنى مۇشۇ نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە 100 يىلغىچە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش جاكارلاندى؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلاھات نىشانى بەلگىلەندى، بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يولى ئېنىق كۆرسىتىلدى؛ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش كۆزلەنگەن ستراتېگىيىلىك ئومۇمىي پىلان تۈزۈلدى؛ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاشقا دائىر تارىخىي ۋەزىپە ۋە يېتەكچى پرىنسىپ شەرھلەندى.

14-قۇرۇلتايدىن كېيىن، پارتىيە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يولىدا ھەر جەھەتتىن تازا ئۈنۈملۈك خىزمەت ئىشلىدى. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومى نەشر قىلىندى، پۈتۈن پارتىيە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگەندى ۋە تەتقىق قىلدى؛ 3-ئومۇمىي يىغىندا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار ماقۇللىنىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ ئالغا سۈرۈلۈشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولدى؛ ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر قوللىنىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى؛ تەشۋىقات خىزمىتى ۋە ئىدىيىۋى خىزمەت كۈچەيتىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پائال ئالغا سۈرۈلدى؛ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ كۈچى ئاشۇرۇلۇپ، باسقۇچلۇق نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. پارتىيە دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، مائارىپ خىزمىتى، بىرلىك سەپ خىزمىتى، مىللەتلەر خىزمىتى ۋە باشقا خىزمەتلەرنىمۇ ئورۇنلاشتۇردى. ھازىر ھەرقايسى جەھەتلەرگە دائىر مۇھىم فاڭجېنلار بەلگىلىنىپ بولدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا، كۈچلۈك پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ بولۇشى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ تېخىمۇ كۈچەيتىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

(4) پارتىيە قۇرۇلۇشى پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنى بىلەن زىچ باغلانغان. پارتىيىنىڭ توغرا سىياسىي لۇشيەنى—توغرا تەشكىلىي لۇشيەننى تۇرغۇزۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى، تەشكىلىي لۇشيەن سىياسىي لۇشيەننىڭ ئىشقا ئېشىشىنى تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ تۆپ بىر تارىخىي تەجرىبىسى ئەنە شۇ. دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە، يولداش ماۋ زېدۇڭ يادرولۇقىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى ماركسىزمنىڭ تۆپ قائىدىسىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى بەرپا

قىلغان، توغرا سىياسىي لۇشيەن ۋە تەشكىلىي لۇشيەننى بەلگىلىگەنىدى. ئۇششاق ئىشلەپچە-
قىرىش كەڭ ئومۇملاشقان، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئىنتايىن ئارقىدا قالغان كونا
جۇڭگو جەمئىيىتىدە، دۈشمەن تەرىپىدىن ئۇزاق مۇددەت بۆلۈپ تاشلانغان يېزا تايانچ بازىلىرى-
دا ۋە ئاق تېررورلۇق ھۆكۈم سۈرگەن شەھەرلەردە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىت-
تىپاقلاشقان-بىرلىككە كەلگەن، ئىنتىزامى قاتتىق بولغان، باتۇرلارچە جەڭ قىلىدىغان
ئاۋانگارت ئەترىتىنى قۇرۇش دۇنيانىڭ سىياسىي تارىخىدا كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان ئۇلۇغ
ئىش ئىدى، يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇنى مەردانىلىك بىلەن «ئۇلۇغ قۇرۇلۇش» دەپ ئاتىغانىدى.

يېڭى تارىخىي دەۋردە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد مەركىزىي
كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى مۇشۇ توپ تارىخىي تەجرىبىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى ۋە
راۋاجلاندۇردى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، جۇڭگودەك ئىقتى-
سادى ۋە مەدەنىيىتى ئارقىدىراق قالغان چوڭ مەملىكەتتە سوتسىيالىزم قۇرۇش، ئۇنى
مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئىلمىي نەزەرىيىسىنى ياراتتى، توغرا سىياسىي لۇش-
يەننى تۇرغۇزدى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقتىتا، مۇشۇ سىياسىي لۇشيەنگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ
پارتىيە قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم
قۇرۇش نەزەرىيىسى پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر مول مەزمۇنلۇق نەزەرىيىنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى ياخشىلاپ، پارتىيىنى سوتسىيالىستىك
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان مۇستەھكەم يادروغا ئايلاندۇرۇش توغ-
رىسىدىكى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، توغرا ئىدىيىۋى
لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش توغرىسىدىكى، ئۇزاق داۋاملاشقان «سول» چىللىق خاتالىقنى تۈزە-
تىش، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، ئوڭچىللىقتىن ھوشيار بولۇش،
لېكىن «سول» چىللىقتىن ساقلىنىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي
لۇشيەندە چىڭ تۇرىدىغان قەتئىيلىكنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك
تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، پارتىيىنىڭ قائىدە-نىزاملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، پارتىيە
ئىچىدىكى تۇرمۇشنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ۋە تۈزۈملەشتۈرۈش توغرىسىدىكى، دېموكراتى-
يە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، پارتىيى-
نىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى، كادىرلار قوشۇنىنى ئىنقىلابىي-
لاشتۇرۇش، ياشارتىش، زىيالىيلاشتۇرۇش، ئىختىساسلاشتۇرۇش فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ،
جۇشقۇن-كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدىكى،
پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئىنتىزامچانلىقىنى
كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەرگە دائىر ئىشلار توغرىسىدىكى ئىدىيىسى پارتىيە قۇرۇلۇشى
نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم راۋاجى بولۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش يۆنىلىشىنى كۆرسە-
تىپ بەردى. دۇنيانىڭ ۋەزىيىتى ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا، ھازىرقى
جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى-
نى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئۆزگىرىشى داۋامىدا، پارتىيىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم
قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان، جان-دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان،

www.uyghurkitap.com

ئىدىيىۋى، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتلەردە پۈتۈنلەي مۇستەھكەملەنگەن، تۇرلۇك خەۋپ-خەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، باشتىن ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان ماركسىزملىق پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش — يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى ئىككىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى باشلاپ بەرگەن، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى پۈتۈن پارتىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ داۋاملاشتۇرۇۋاتقان يېڭى، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش.

(5) پارتىيە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەتتە ئۆزىنى تونۇشقا، ئۆزىنى كۈچەيتىشكە ۋە ئۆزىنى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، ئۆز قۇرۇلۇشىدا كۆرۈلگەن يېڭى زىددىيەت ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى ۋە ھەل قىلىشى شەرت. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش پارتىيە قۇرۇلۇشىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيە قۇرۇلۇشىمۇ بىرمۇنچە مۇرەككەپ ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. 54 مىليوندىن ئارتۇق ئەزاسى بولغان پارتىيىمىزنىڭ تەربىيە ۋە باشقۇرۇش ۋەزىپىسى ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ ئېغىرلاشتى. يېڭى ئەھۋالغا بىزنىڭ خىزمىتىمىز تېخى لايىقلىشالمايۋاتىدۇ. بەزى جايلار ۋە ئورۇنلاردا پارتىيىنى پارتىيە باشقۇرمايدىغان، قاتتىق باشقۇرمايدىغان، ئىنتىزام جەھەتتە بوشاڭلىق، تەشكىلىي جەھەتتە چېچىلاڭغۇلۇق قىلىدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈۋاتىدۇ، ئىدىيە جەھەتتە، تەشكىلىي جەھەتتە ۋە ئىستىل جەھەتتە سەل قاراشقا بولمايدىغان خىلمۇخىل مەسىلىلەر ساقلىنىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ بەزى پاسسىپ ئامىللار ۋە چىرىكلىك ئەھۋاللىرى پارتىيە ئىچىدە پەيدا بولۇپ، يامراپ، پارتىيە ئەزالىرىنى ۋە كادىرلار قوشۇنىنى قاتتىق چىرىتىۋاتىدۇ. بۇنى پۈتۈن پارتىيە يۇكسەك دەرىجىدە ھوشيارلىقنى ۋە دىققەت-ئېتىبارنى قوزغاپ، جىددىي-ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، پۇختىلىق بىلەن ھەل قىلىشى كېرەك.

پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق تۇردە بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى ئۆگىنىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۇردە كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا قاراپ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش لازىم. سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن تۈپ مەسىلىنى دەۋرىي قىلىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئىگىلەپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە 100 يىلغىچە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك.

پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئوبدان تۇتۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىش كېرەك. ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئىستىلىنىڭ ئۇنىڭ ھايات-ماماتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش لازىم. پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-دىيانەتلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىش، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە داۋاملىق يېڭى نەتىجە يارىتىش، ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك قىلىش-چەكلەش مېخانىزمىنى پەيدىنپەي ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش،

جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىدىغان ئىسىل ئەنئەنىنى ئىزچىل جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قوغداشتۇرۇش كېرەك.

پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشى — بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە بىر-بىرىگە باغلانغان بىر پۈتۈنلۈك. نۆۋەتتە، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش گەۋدىلىك هالقا بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەشكىلىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى مۇنۇ ئۈچ مەسىلىنى ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ھەل قىلىش كېرەك.

—دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، بولۇپمۇ تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، مۇكەممەل تۈزۈم ئارقىلىق پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، مەركىزىي كومىتېتنىڭ نوپۇزىنى قوغداش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ زور مەسىلىلەردە ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرت.

—پارتىيىنىڭ مىليونلىغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى ئىزچىل مۇستەھكەملەپ ۋە كۈچەيتىپ، شۇ تەشكىلاتلارنى ئاممىنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇرالايدىغان ۋە يېتەكلىيەلەيدىغان جەڭگىۋار قورغانغا ئايلاندۇرۇش شەرت.

—پارتىيىنىڭ تۈمەنلىگەن ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەربىيىلەپ ۋە چېنىقتۇرۇپ، بولۇپمۇ ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك ياش كادىرلارنى كۆپلەپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي ماڭىدىغان، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولغان، قابىلىيەتلىك-تەجرىبىلىك بولغان ھەم ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان رەھبەرلىك قاتلىمىنى شەكىللەندۈرۈش شەرت.

پۈتۈن پارتىيە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

## 2. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش

(6) دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى — پارتىيىمىزنىڭ تۈپ تەشكىلىي تۈزۈمى ۋە رەھبەرلىك تۈزۈمى. پارتىيە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى ئىجاد-

كارلىق بىلەن تەتبىق قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئىچكى سىياسىي تۇرمۇشىنى توغرا قېلىپقا
سالىدىغان، پارتىيە ئىچىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئاساسىي مىزان ۋە كونكرېت
تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىپ، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇش جەھەتتىكى روشەن خاراكتېر-
لىك خۇسۇسىيىتىنى شەكىللەندۈردى. پارتىيە مەملىكەت بويىچە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان-
دىن كېيىن، بۇنداق تۈزۈمنى ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا تەتبىق قىلىپ، دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا
دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى يولغا قويدى.

دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى—دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش
بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش يېتەكچىلىكىدىكى دېموكراتىيە بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈم، مارك-
سىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن ئاممىۋى لۇشيەننىڭ پارتىيىنىڭ تۇرمۇشى ۋە تەشكىلىي
قۇرۇلۇشىدا تەتبىق قىلىنىشى. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى دېموكراتىيە
دېگەنلىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئارزۇسىنى، تەشەببۇسلىرىنى
تولۇق ئىپادىلەش ۋە ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى، ئىجادكارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش دېگەن-
لىكتۇر؛ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش دېگەنلىك پۈتۈن
پارتىيىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئەقىل-پاراستىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈش ۋە ھەرىكىتىنى بىرلىككە
كەلتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. بۇ تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشتا، مەركەزلەشتۈرۈشمۇ، دېموكراتىيىمۇ
بولغان، ئىنتىزاممۇ، ئەركىنلىكمۇ بولغان، ئىرادە بىرلىكىمۇ، شەخسلەرنىڭ كۆڭۈل ئازا-
دىلىكى، جانلىقلىق، ئېتىكلىكمۇ بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى يارىتىشقا تىرىشىش كېرەك.

پارتىيە ئۇزاق ئەمەلىيەت داۋامىدا دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىل-
لاشتۇرۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولدى، جۈملىدىن «مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى» مەزگىلىدە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچ-
راپ، پارتىيە ۋە دۆلەتكە غايەت زور بالايىئاپەت ياغقان ئاچچىق ساۋاقمۇ ئىگە بولدى.

دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئوبدان ئىزچىللاشتۇرۇ-
لۇش-ئىزچىللاشتۇرۇلماسلىقى پارتىيە ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشى ياكى خارابلىشىشىغا،
ۋۇجۇدقا چىقىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومى-
تېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى، پارتىيىنىڭ
ئىچكى سىياسىي تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە نورماللاشتى ۋە جانلاندى، سوتسىيالىستىك زاماند-
ۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە
قىلىندى. تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش
تۈزۈمى—ئىلمىي، مۇۋاپىق، ئۈنۈملۈك تۈزۈم، بۇ تۈزۈم خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى
ۋە ئارزۇسىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە پايدىلىق، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ
توغرا تۈزۈلۈشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا پايدىلىق، ئۇ سەۋەنلىك كۆرۈلگەندىمۇ، شۇ سەۋەنلىك-
نى ئۈنۈملۈك تۈزىتىشكە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ؛ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ ئاساس-
لىق، ئومۇمىيلىق، مۇقىملىق ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بولىدۇ،
شۇڭا، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە خاس بىرقاتار تۈزۈملەرنى تېخىمۇ ساغلام-

لاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، رەھبەرلەرنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان، رەھبەرلەرنىڭ كۆز قارىشى ۋە دىققەت-ئېتىبارىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان قىلىش لازىم؛ پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش، بۇ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان تۈرلۈك خاتا خاھىشلارغا قارشى تۇرۇش، شەخسىي ئۆز بېشىمچىلىقنىڭ ۋە چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

ھازىر، مەملىكىتىمىزدە كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، بۇ ھال پارتىيىمىزنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى ۋە ساغلاملاشتۇرۇشنى تېخىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭدىن كېچىكىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى—سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈم بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن، بازارنى دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشى ئاساسىدا بايلىق تەقسىم قىلىشتا ئاساسلىق رول ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان تۈزۈلمە. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتا، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىشتا، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئىجادكارلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتا توغرا كېلىدۇ؛ بىر تۇتاش پىلانلاپ، ماسلاشتۇرۇپ-يۈرۈشلەشتۈرۈپ، تەرتىپلىك ۋە قەدەممۇقەدەم ئىش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئەمەلىيەت داۋامىدا ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ئۈزلۈكسىز بىلىشكە ۋە تەتبىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ مۇكەممەل قانۇن-تۈزۈم بىلەن قېلىپلاشتۇرۇشقا ۋە كاپالەتلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە يولغا قويىدىغان توغرا رەھبەرلىكىدىن ئايرىلمايدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلدى دەپ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىگە خاس دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلمىسىمۇ بولىدۇ دەيدىغان قاراشمۇ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغانلىق پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ كونا يولىغا قايتقانلىق بولىدۇ دەيدىغان قاراشمۇ توغرا ئەمەس. ھازىر، پارتىيىمىزنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ياخشى بولۇۋاتىدۇ، ئەمما، مەسىلىلەرمۇ خېلى كۆپ ساقلىنىۋاتىدۇ. دېموكراتىيە يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىمۇ، مەركەزلەشتۈرۈش يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. بەزى جايلار ۋە تارماقلار مەركەزنىڭ بەزى ھەل قىلغۇچ تەدبىرلىرىنى كۈچلۈك ئىجرا قىلمايۋاتىدۇ، ھەتتا قىل دېگەننى قىلمايۋاتىدۇ، قىلما دېگەننى قىلىۋاتىدۇ. دېموكراتىك يول بىلەن ئىلمىي ئاساستا تەدبىر كۆرۈش تۈزۈمى بەزى تەرەپلەردە تېخى مۇكەممەل ئەمەس. ھازىر بۇ ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ، پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى توغرىسىدىكى تەربىيىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر تۈرلۈك كونكرېت تۈزۈملەرنى ساغلاملاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئىچكى سىياسىي تۇرمۇشىغا دائىر تۈرلۈك مىزانلارنى مۇكەممەللەش-

تۇرۇش لازىم.

(7) پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. دېموكراتىيە بولمىسا، سوتسىيالىزم بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشمۇ بولمايدۇ. خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش — سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ماھىيىتى، بۇنداق ئەڭ كەڭ خەلق دېموكراتىيىسى بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىدىن ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن پەرقلىنىدۇ، ئىنتىزام ۋە تەرتىپنى تەكىتلىمەيدىغان ھۆكۈمەتسىزلىكتىنمۇ پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ. پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە جارى قىلدۇرۇلسا، خەلق دېموكراتىيىسى مۇقەررەر ئالغا سۈرۈلىدۇ، بۇمۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم بىر يولى. پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش — كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىك، كۆپ يوللۇق ئىش. پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى پارتىيىنىڭ پروگراممىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەقسەت، ئاكتىپلىقنى يېتەكلەش، قوغداش ۋە جارى قىلدۇرۇشنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇق-مەجبۇرىيەتلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ قانات يايدۇرۇش كېرەك. پارتىيە ئەزالىرىنى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىش، راست گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم. پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىدىن ھەربىر ياچېيكىسىغا قەدەر، رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ تەدبىر كۆرۈشىدىن پارتىيىنىڭ يىغىنى ۋە پارتىيىنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرىدا سىياسەت مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى مۇزاكىرىگە قاتنىشىشقا قەدەر، پارتىيە ئىچىدىكى سايلامدىن رەھبىرىي كادىرلارنى باھالاش، نازارەت قىلىشقا قەدەر دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

تەدبىر كۆرۈشنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش — پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، شۇنداقلا تەدبىر كۆرۈشنى ئىلمىيلەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئامما بىرلەشتۈرۈلگەن تەدبىر كۆرۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە ساغلاملاشتۇرۇپ، دېموكراتىك يول بىلەن ئىلمىي ئاساستا تەدبىر كۆرۈش تۈزۈمىنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. پارتىيىنىڭ رەھبىرىي ئورگانلىرى بىلەن رەھبىرىي كادىرلىرى دېموكراتىيە ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىدىن ئېلىپ، ئاممىغا قايتۇرۇش، مەركەزلەشتۈرۈپ، قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، ئاساسىي قاتلامدىن ۋە ئەمەلىيەتتىن كەلگەن مول تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ تۇرۇشى لازىم. ھەر جەھەتتىكى پىكىرلەرنى، جۈملىدىن قارشى پىكىرلەرنى ئاڭلاش لازىم. پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتى تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتقا ئالاقىدار مۇھىم قارار چىقىرىش ۋاقتىدا، تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتنىڭ پىكرىنى ئاڭلىشى كېرەك.

پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش شەرت. پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ، پارتىيە

ئەزالىرىنى پارتىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئىگىلەش ۋە ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆپ قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەت، يولىيورۇق-قا-رارلىرىنى تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا ۋە پارتىيە ئەزالىرىغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ تۇرۇش كېرەك. بەزى مۇھىم ئىشلارنى ئاۋۋال پارتىيە ئىچىدە مۇزاكىرىگە قويۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنى بالدۇرراق خەۋەردار قىلىش كېرەك. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن تۈرلۈك ھوقۇقلىرىغا ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخس دەخلى-تەرۇز قىلماسلىقى لازىم. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش نىزامىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈش پرىنسىپىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرى-نىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش تەدبىرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم.

(8) دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى كۈچلۈك ئىجرا قىلىش كېرەك. دېموكراتىيە بىلەن مەركەزلەش-تۈرۈش بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان، بىر-بىرىگە باغلانغان ئىچكى بىر پۈتۈنلۈك. دېموكراتىيە بولمىسا، توغرا مەركەزلەشتۈرۈش بولمايدۇ. مەركەزلەشتۈرۈش بولمىسا، توغرا لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەر شەكىللىنەلمەيدۇ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىرادە بىرلىكىمۇ شەكىللىنەل-مەيدۇ. مەركەزلەشتۈرۈشتە، توغرا پىكىرلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنى كۆپچىلىك كىشى-لەرنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندۇرۇپ، توغرا ھەل قىلغۇچ تەدبىرنى شەكىللەندۈرۈش ۋە قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

دۆلىتىمىز—زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ بولغان، تەرەققىي قىلمىۋاتقان دۆلەت، پارتى-يىمىز مۇشكۈل، مۇرەككەپ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىگە دۇچ كەلدى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ نوپۇزىنى قوغدىغاندا، ئاندىن پارتىيىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ ئاندىن دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ئىجتىما-ئىي مۇقىملىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ؛ ئاندىن ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بېيىشىنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرغىلى، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئالىي مەنپەئەتى ئەنە شۇنىڭدا. پارتىيە نىزامنا-مىسىدە، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتىغا بويسۇنۇشى، ئازچىلىقنىڭ كۆپچىلىككە بويسۇنۇشى، تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتقا بويسۇنۇشى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ھەممە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىنىڭ مەملىكەت-لىك قۇرۇلتىيىغا ۋە مەركىزىي كومىتېتقا بويسۇنۇشى بەلگىلەنگەن. «تۆت بويسۇنۇش» نىڭ ئەڭ مۇھىمى—پۈتۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتقا بويسۇنۇش. پارتىيىنىڭ تارىخى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئەمەلىيەت داۋامىدا شەكىللەنگەن مۇستەھكەم مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى بولۇشى شەرت، مۇشۇ رەھبەرلىك كوللېكتىپىدا بىر يادرو بولۇشى شەرت. ئەگەر مۇشۇنداق رەھبەرلىك كوللېكتىپى ۋە يادرو بولمىسا، پارتىيىنىڭ ئىشلىرى غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشتىكى زور بىر مەسىلە

ئەنە شۇ.

مەركىزىي كومىتېتنىڭ نوپۇزىنى قوغداشتا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ بۇيرۇقلىرىنىڭ توسالغۇسىز ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، قارار قىلىنغان ئىشلارنى ھەرقايسى ساھەلەر ئەستايىدىل بېجىرىشى لازىم. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە باش فاڭجېنى، باش سىياسىتى، ئومۇمىي نىشانى جەھەتتە ۋە ئومۇمىيەتكە بېرىپ تاقىلىدىغان چوڭ-چوڭ مەسىلىلەردە پۈتۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېت بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىشى شەرت. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ۋە قانۇنلىرىغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىشى لازىم. جايلار ۋە تارماقلار ئومۇمىيلىق كۆز قارىشىنى چىڭ تۇرغۇزۇپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ قارار، بېكىتمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئىجرا قىلىشى، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئىجادكارلىق بىلەن ئىشلىشى، چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە يوليورۇق سورىشى ۋە مەلۇمات بېرىشى كېرەك.

مەركىزىي كومىتېتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، جايلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش—بىز ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلگەن مۇھىم يېتەكچى پرىنسىپ. جايلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتا، مەركىزىي كومىتېت ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن مەۋقەنى شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە قويۇشنى بىرلەشتۈرۈش، شۇ جايدىكى خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم. مەركىزىي كومىتېتنىڭ نوپۇزىنى قوغداشنى تەكىتلىگەنلىك ھەرگىزمۇ جايلارغا بېرىشكە تېگىشلىك ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى مەركەز بىلەن جايلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ھوقۇق دائىرىسىنى مۇۋاپىق ئايرىش ئاساسىدا، ئىككى ئاكتىپلىقنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش دېگەنلىك.

مەركىزىي كومىتېت تارماقلىرى مەركىزىي كومىتېت ئارتقان مەسئۇلىيەت ۋە بەرگەن ھوقۇقنى توغرا ئادا قىلىپ ۋە يۈرگۈزۈپ، ئىسلاھاتنىڭ تەلىپى بويىچە فۇنكسىيىسىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، تارماق مەنپەئىتى بىلەن ئومۇمىي مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش بىلەن ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، جايلار ئۈچۈن، ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشى كېرەك.

(9) كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش بىلەن شەخسلەر ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇش بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈمنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. فاڭجېن، سىياسەت خاراكتېرىنى ئالغانلىكى چوڭ ئىشلاردا، ئومۇمىيەت خاراكتېرىنى ئالغانلىكى مەسىلىلەردە، مۇھىم كادىرلارنى كۆرسىتىش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ۋە مۇكاپاتلاش-جازالاشقا ياتىدىغانلىكى ئىشلاردا، مەركىزىي كومىتېت ياكى يەرلىك پارتكوملار كوللېكتىپ قارار چىقىرىشى كېرەك. چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقارغاندا، تولۇق غۇلغۇلا قىلىش، كېڭىشىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش ھەمدە ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش پرىنسىپى بويىچە ئاۋازغا قويۇش لازىم؛ كوللېكتىپنىڭ قارارىنى

ھەرقانداق شەخسنىڭ ئۆزگەرتىشكە ھەققى يوق، شەخسلەرنىڭ ياكى ئازچىلىق كىشىلەرنىڭ باشقىچە پىكرى بولسا، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇشقا ۋە ئۆز پىكرىنى يۇقىرىغا يەتكۈزۈشكە بولىدۇ، لېكىن شۇ قارارغا شەرتسىز بويسۇنۇشى ۋە ھەرىكەت جەھەتتە ئۇنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىجرا قىلىشى كېرەك.

كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش بىلەن شەخسلەر ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇشنىڭ بىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ، بىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەت قىلىش روھىنى تەكىتلەش لازىم، بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە بىر-بىرىگە بەس سالىدىغان، ئۆزئارا تارتىشماق ئوينايدىغان ۋە مەسئۇل بولۇشقا ئادەم چىقمايدىغان ئەھۋالغا قارشى تۇرۇش كېرەك. پارتكوم تەركىبىدىكىلەر ھەم كوللېكتىپنىڭ قارارى ۋە ئىش تەقسىماتى بويىچە ئۆز بۇرچىنى ھەقىقىي ئادا قىلىشى، ھەم ئومۇمىي خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ، كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىشقا پائال قاتنىشىشى لازىم. پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا شۇجى بىلەن كومىتېت ئەزالىرى باپباراۋەر. شۇجى كوللېكتىپ رەھبەرلىك ئىچىدە ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈشنىڭ نەمۇنىسى بولۇشى كېرەك. پارتكوم تەركىبىدىكىلەر بىر-بىرىگە ئىشىنىشى، بىر-بىرىنى قوللىشى، بىر-بىرىنى چۈشىنىشى، ئۆزئارا كەمتەرەپلىرىنى تولۇقلىشى، جۈملىدىن كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنى ئۆزئارا ياردەم بېرىپ تۈگىتىشى، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى لازىم.

مەركىزىي ۋە يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىدىكى، خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى پارتگۇرۇپپىلار ياكى پارتىيىلىك مەسئۇل كادىرلار مەركىزىي كومىتېتنىڭ ۋە يەرلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى كېرەك. چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى پارتكومنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قاراردىن ئۆتكۈزۈشىگە سۇنۇش ھەمدە دۆلەت ئورگانلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى ئىچىدە كۆپ تەرەپ بىلەن مەسلىھەت ئېلىپ بېرىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن رەسمىيەت بويىچە ياكى نىزامنامە بويىچە ئىش قىلىش لازىم. پارتىيە پائالىيىتىنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىشى، ھەم ھەر جەھەتتىكى كۈچلەرنى ماھىرلىق بىلەن تەشكىللەپ، ماسلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، توغرا رەھبەرلىكنى يولغا قويۇشى لازىم.

تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ۋە يەرلىك پارتكوملارنىڭ خىزمەت نىزامىنى تۈزۈپ چىقىپ، پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى، قارالما قائىدىسى، تەدبىر كۆرۈش رەسمىيىتىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك. پارتىيە قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېت ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېت ئومۇمىي يىغىنلىرىنىڭ رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش لازىم.

(10) پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش، پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىش كېرەك. پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنىڭ ماھىيىتى پارتىيىنىڭ خەلق مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش تەلىپى بويىچە ئۆزىنى ئۆزى چەكلەپ تۇرۇشى ۋە ئۆزىنى ئۆزى مۇكەممەللەشتۈرۈشىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدا ئاساسلىقى

پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلغان-قىلمىغانلىقى، خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا تەتبىق قىلغان-قىلمىغانلىقى، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە خاس تۈرلۈك تۈزۈملەرگە قاتتىق ئەمەل قىلغان-قىلمىغانلىقى ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىش. پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلىرى —پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان شارائىتتا، پارتىيىلىك كادىرلار ئارىسىدا قانۇنغا ۋە ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنىڭ يۈزبېرىشىدىن ساقلىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. پارتىيە ئەزالىرى قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا، قانداق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىغا قارىماي، پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىشى، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ۋە ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى لازىم. ئىنتىزام ئالدىدا ھەممە ئادەم باپباراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد—پارتىيە ئىچىدە نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇشنىڭ كۈچلۈك قورالى. تەشكىلىي تۇرمۇش يىغىنى تۈزۈمىنى، پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىردىشىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىق ئارزۇسىنى كۆزدە تۇتۇپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىپ، ھەق بىلەن ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، كەمچىلىكنى تۈگىتىپ، خىزمەتنى ياخشىلاش كېرەك.

پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، پارتىيە ئىچىدە نازارەتچىلىك قىلىش نىزامىنى تۈزۈپ چىقىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرىنىڭ پارتىيىنىڭ ئىچكى نازارەتچىلىكىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنى ئاممىنىڭ نازارەتچىلىكى، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ۋە پارتىيە-گۇرۇھسىز زاتلارنىڭ نازارەتچىلىكى بىلەن، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىلغان نازارەتچىلىكنى تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىتىلغان نازارەتچىلىك بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كۈچلۈك نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈپ، پارتىيە ئورگانىزمىنىڭ ساغلاملىقىغا ۋە تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

## 3. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش

(11) پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى—پارتىيىنىڭ بارلىق خىزمىتىنىڭ ۋە جەڭگىۋارلىقىنىڭ ئاساسى، بۇ تەشكىلاتلار ئامما بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت باغلاش، ئاممىغا

تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى تەشكىللەش، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئاساسىي قاتلاملاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ئىسلاھاتنىڭ ئالغا سۈرۈلۈشى ۋە ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىمۇ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم تۇرۇشىمۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنىڭ ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىغا باغلىق. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى قۇرۇپ چىقىش شەرت. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇش، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رولىنى ئاجىزلىتىش خاتا ۋە زىيانلىق.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش داۋامىدا، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئاممىنى يېتەكلەپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، يېڭىلىق يارىتىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، يېڭى خىزمەت كۆرسەتتى. نۇرغۇنلىغان كومپارتىيە ئەزالىرى جەددىي، قىيىن، خەتەرلىك ۋە ئېغىر ۋەزىپىلەر ئالدىدا ۋە ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە، سەپنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ، ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ، باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىسىگە خاس ئېسىل پەزىلىتى ۋە دەۋر خىسلىتىنى نامايان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ بىرمۇنچە يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى. كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە تىجارەت شەكلىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ؛ يېڭىدىن قۇرۇلغان خىلمۇخىل ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ، بۇ ھال ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشنى، پارتىيىنىڭ پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ؛ نۇرغۇنلىغان ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ كەسىپلەر ئارا يۆتكىلىشى ۋە رايونلار ئارا يۆتكىلىشى ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىپ، يۆتكىلىۋاتقان پارتىيە ئەزالىرىنى ياخشى باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ؛ پاسسىپلىق، چىرىكلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئورگانىزمىنى چىرىتىۋاتىدۇ، بۇ ھال پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان تەربىيە ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىنىڭ تەبىئىتىنى ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپى بويىچە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشىدا تېخى لايىقلىشالمايدىغان بىرمۇنچە تەرەپلەر ساقلىنىۋاتىدۇ. شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھازىر ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ بىر قىسمى ئاجىزلىشىپ، بوششىپ كەتتى، بەزىلىرى ھەتتا پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى؛ بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئىستىلى توغرىلانماي، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالدى؛ بەزى پارتىيە ئەزالىرى نەمۇنىلىك رول ئوينىمىدى. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ساقلىنىشىنى رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش خىزمىتىنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇنىڭغا

چوقۇم يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش، بۇنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش شەرت.

(12) پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى: بىرىنچى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېقىندىن دەۋرىي قىلىپ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتىكى ئەمەلىي نەتىجىسى بىلەن ئۆلچەش لازىم. ئىككىنچى، ئىسلاھات روھى بىلەن يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى تەتبىق قىلىپ ھەمدە يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىجاد قىلىش يولىدا ئىش ئېلىپ بېرىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەت مەزمۇنى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى ياخشىلاش كېرەك. ئۈچىنچى، پارتىيىنىڭ تۈزۈمىنى چىڭىتىپ، پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، ساغلام كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇپ، ناچار ئىستىللارغا قارشى تۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ ئىلغارلىقى ۋە پاكلىقىنى ساقلاپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆزىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. تۆتىنچى، مەۋقەنى دائىملىق خىزمەت ئۈستىگە قويۇپ، ئۇنى بوشاشماي دائىم تۇتۇش كېرەك، ھەم ھەقىقىي يولغا قويغىلى بولىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئومۇمىي پىلان تۈزۈش، ھەم نۆۋەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشقا دائىر مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوملار دائىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، تۈرلەر بويىچە يېتەكچىلىك قىلىشى، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئەستايىدىللىق بىلەن نازارەتچىلىك-ھەيدەكچىلىك قىلىشى لازىم. يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئاچقۇچى ناھىيىلىك پارتكومدا. شەھەرلەردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاساسەن شەھەرلىك پارتكومدا. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلىنىش-ئىشلەنمەسلىكىنى شەھەرلىك، ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ ۋە شەھەرلىك، ناھىيىلىك پارتكوم شۆبىلىرىنىڭ ئەمەلىي خىزمەت نەتىجىسىنى ئۆلچەشتە مۇھىم بىر ئاساس قىلىش كېرەك.

(13) ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى خىزمىتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ ئوبدان ئىشلەپ، ئاممىنى ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇرىدىغان ۋە يېتەكلەيدىغان جەڭگىۋار قورغان بولۇشقا تىرىشىشى لازىم.

يېزىلاردىكى يېزىلىق (بازارلىق) پارتكوملار ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرى پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئىجرا قىلىپ، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىقتىسادىنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، دېھقانلار ئاممىسىنى ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش، ئورتاق بېيىش ۋە ئورتاق تەرەققىي تېپىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يېتەكلەش داۋامىدا، يادرولۇق رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىدا تۆت تۈرلۈك خىزمەتنى

نۇقتىلىق ئوبدان تۇتۇش لازىم: بىرىنچىدىن، ياخشى بىر ياچېيكا رەھبەرلىك بەنزىسىنى قۇرۇش، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرىدىغان، ئادىل-پاك، ياش ۋە غەيرەتلىك بولغان، ئاممىنى بېيىشقا يېتەكلىيەلەيدىغان بىر ياچېيكا شۇجىسىنى تاللاش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ھەر جاينىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرەققىيات يولىنى بەلگىلەش، ئائىلە بويىچە مەھسۇلاتقا باغلاپ ھۆددىگە ئېلىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى ۋە بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تۇراقلاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىلەرنى قۇرۇش، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى پەيدىنپەي زورايتىش، ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان ئاساستا دېھقانلارنىڭ دارامىتىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش، پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، پارتىيە ئەزالىرىغا ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش، دېھقانلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، فېئودال خۇراپاتلىققا ئوخشاش نادان، قالاق كۆز قاراشلارنىڭ ۋە بۇرژۇئا چىرىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن قول ئۈزۈش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش، يېزا بازىسىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىزم ئىدىيىسى ۋە ساغلام، مەدەنىي، ئىلغار كەيپىيات بىلەن ئىگىلەش لازىم. تۆتىنچىدىن، پارتىيە ياچېيكىسىنى يادرو قىلغان كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنى يۈرۈشلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەمدە ئۇنى ئاساسىي قاتلامنىڭ دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش ئىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دېموكراتىك يول بىلەن نازارەتچىلىك قىلىش تۈزۈمىنى ۋە كەنت قائىدىسى-ئاھالە ئەھدىنامىسىنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغاش كېرەك. بوشاڭ، چېچىلاڭغۇ ۋە پالەچ ھالەتتە تۇرۇۋاتقان پارتىيە ياچېيكىلىرىغا كەلگەندە، ھەرقايسى جايلار مەخسۇس كۈچ ئەۋەتىپ تەرتىپكە سېلىشى لازىم، رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەرتىپكە سېلىش، ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالدى، بۇ ۋەزىپىنى ئۈچ يىل ئىچىدە مۇددەتكە ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ ئورۇنداشقا تىرىشىش لازىم.

دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، زاۋۇت باشلىقى (جىڭلى) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، ئىشچىلار سىنىپىغا جان-دىلى بىلەن تايىنىشى كېرەك. دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرى خىزمەتنى پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن مەسئۇلىيىتى ۋە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن-نىزاملىرى بويىچە قانات يايدۇرۇشى لازىم. كارخانا ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشنى پارتىيە تەشكىلاتلىرى خىزمىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك. پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ كارخانىلارنىڭ مۇھىم تەدبىر كۆرۈشىگە قاتنىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى-ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش-نازارە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىلىك قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز مەزمۇنغا بېيىتىشى ۋە كامال تاپقۇزۇشى لازىم. ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيە ئەزالىرىغا نەمۇنىلىك ھەرىكەتى بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ ۋە باشلامچىلىق قىلىپ، كارخانىنى يەكدىللىك بىلەن ياخشى باشقۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك. دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا پائال ئىزدىنىپ، كارخانىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە خىزمىتىنى ياخشىلىشى ۋە كۈچەيتىشى لازىم. باشقا ھەر خىل مۇلۇكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ ھەممىسىدە پارتىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيە تەشكىلاتى بولمىغان كارخانىلار پائال شارائىت يارىتىپ پارتىيە تەشكىلاتىنى قۇرۇشى، ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە باپ كېلىدىغان خىزمەت ئۇسۇلى ۋە پائالىيەت شەكلىنى قوللىنىپ، پارتىيىنىڭ پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشى لازىم.

مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشتا، مەكتەپلەرنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى، ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنى، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى دەۋرىي قىلىش كېرەك. مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشى، پارتىيىنىڭ زىيالىيلارغا قارىتىلغان خىزمىتىنى كۈچەيتىشى لازىم. پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئۆز ئورۇنلىرىنىڭ كەسپىي خىزمىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئوبدان تۇتۇشى، پارتىيە ئەزالىرىغا ۋە رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ مەھەللە تەشكىلاتلىرى ۋە باشقا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالىغا قاراپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشى لازىم.

پارتىيە خىزمىتى ۋە ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بىرىنچى سەپتە ئىشلەيدۇ، ئۇلارنىڭ شارائىتى جاپالىق، ۋەزىپىسى ئېغىر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جاپا-مۇشەققەتتىن ۋە تاپا-تەنىدىن قورقماي ئىشلەش، پارتىيە ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىش روھىنى تەشەببۇس قىلىش، ھەم ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قوللاش، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

(14) سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىشنى نىشان قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش لازىم. ھازىردىن باشلاپ ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە بىر قېتىم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى پىلان-

لىق، قەدەمموقەدەم قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئۆگىنىشتە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىگە، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، نۆۋەتتىكى ئۈچ مەسىلە-نى نۇقتىلىق ھەل قىلىش لازىم: بىرىنچى، كوممۇنىستىك غايە تىكلەش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا مېڭىش ئېتىقادىنى چىڭىتىش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش، پارتىيىنىڭ تۇرلۇك سىياسەتلە-رىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىش كېرەك. ئىككىنچى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاساسىي مەقسەتتە چىڭ تۇرۇش، ئاما بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلاش، پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ئىنتىزامغا بويسۇنۇپ قانۇنغا رىئايە قىلىش، پۇلپەرەسلىك، شەخ-سىيەتچىلىك ۋە چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ چىرىتىشىگە ئاڭلىق تاقابىل تۇرۇش لازىم. ئۈچىنچى، پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە مەجبۇرىيەتنى ئەستايىدىل ئادا قى-لىش، ھوقۇقنى توغرا يۈرگۈزۈش، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشتا خىزمەت كۆرسىتىش كېرەك. مەركىزىي كومىتېتنىڭ تارماقلىرى ۋە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك پارتكوملار بۇ ئىشنى يۇقىرىدىكى تەلەپ بويىچە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئورۇن-لاشتۇرۇشى لازىم.

پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان تەربىيىنى پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان باشقۇرۇشنى ياخشىلاش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلەش، لاياقەتسىز پارتىيە ئەزالىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش، چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلارنى قەتئىي تازىلاش لازىم. پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تارماقلىرى يۈتكىلىپ تۇرىدىغان پارتىيە ئەزالىرىنى ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش تەدبىر-لىرىنى تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. پارتىيىگە ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇش، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش، قۇرۇلمىنى ياخشىلاش، ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنى بويىچە ئەزا قوبۇل قىلىپ، پارتىيە ئورگانىزمىنىڭ يېڭى قېنىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىش لازىم. ئىشلەپچىقىرىش-خىزمەتنىڭ بىرىنچى سېپىدە پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، ياشلار ۋە ئاياللار ئارىسىدىكى مۇنەۋۋەرلەرنى پارتىيە ئەزالىقىغا تەربىيىلەش ۋە قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزالىرىنى پارتىيىگە ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئوبيېكتى قىلىشقا كۆرسىتىپ بېرىش خىزمە-تىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلىشى كېرەك.

## 4. ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك رەھبىرىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاش

(15) ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك رەھبىرىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاش —ئومۇمىيەتكە بېرىپ تاقىلىدىغان زور مەسىلە. پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىدە ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيىمىزدە، ئالدى بىلەن ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىدا. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت پۈتۈنلەي يېڭى ئىش ۋە چېگىش-مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىت ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، يېڭى كادىرلار بىلەن كونا كادىرلارنىڭ ئالمىشىشى ھەم ھەمكارلىشىشى مەڭگۈ ئاياغلاشمايدىغان تارىخىي جەريان بولۇپ قالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەشلەردە چېنىققان زور بىر تۈركۈم پېشقەدەم كادىرلار رەھبەرلىك ئورنىدىن چېكىندى، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆسۈپ يېتىلگەن كادىرلار پەيدىنپەي ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ قالدى. لېكىن، بەزى رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس، ياش كادىرلار ئازلىق قىلىش مەسىلىسى يەنىلا بىرقەدەر گەۋدىلىك. بۇ ھال پارتىيىمىزنىڭ ئالدىغا ئىككى مۇھىم ھەم جىددىي ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى قويىدى: بىرىنچىدىن، ھازىرقى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرىدىغان، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان مۇستەھكەم رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا ئايلاندۇرۇش شەرت؛ ئىككىنچىدىن، مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئەسىر ھالقىپ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالالايدىغان زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق رەھبىرىي خادىملارنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش شەرت.

(16) يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئاساسلىق پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسىنىڭ، بولۇپمۇ سىياسىي سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا ۋە تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ كادىرلار بىلىمى بولغان، كەسىپنى بىلىدىغان، ئۆز خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان، كەسىپ ئەھلى بولۇشقىلا تىرىشىپ قالماي، ئالدى بىلەن ماركسىزمغا سادىق بولغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي ماڭىدىغان، پارتىيىنى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلالايدىغان سىياسىي ئەربابلاردىن بولۇشقىمۇ تىرىشىشى لازىم. ئۇلار چىڭ سىياسىي ئېتىقادقا ئىگە بولۇشى، مېڭىسىنى باشتىن ئاخىر سەگەك تۇتۇشى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىدە ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇشى، ھەر خىل بوران-چاپقۇننىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك؛ ئۇلار نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇشى ، دۆلەت ئەھۋالىنى پىششىق بىلىشى، دۇنيانى چۈشىنىشى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇشى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىشى، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ يېڭىلىق يارىتىشى، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشى لازىم؛ ئۇلار كۆكس-قارنى كەڭ بولۇشى، پارتىيىۋىلىكنى تەكىتلىشى، ئومۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇشى، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىشى، ئادىل-ۋىجدانلىق بولۇشى، ياخشىلارنىلا ئىشقا قويىدىغان بولۇشى، يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە ئىشلەشكە ماھىر بولۇشى كېرەك؛ ئۇلار بىرقەدەر

كۈچلۈك رەھبەرلىك قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشى، رەھبەرلىك سەنئىتىگە دىققەت قىلىدىغان، پەيتنى پەملەپ، ۋەزىيەتنى كۆزىتەلەيدىغان، ئومۇمىيەتنى تىزگىنلەپ تۇرالايدىغان بولۇشى، ھەر جەھەتتىكى كۈچلەرنى ماسلاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇشى لازىم؛ ئۇلار ئېسىل ئىستىلغا ئىگە بولۇشى، پاك-دىيانەتلىك بولۇپ ھۆكۈمەت ئىشىنى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلىشى، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىشى، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈشى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، كەمتەر-ئېھتىياتچان بولۇشى، ئامما بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشى، چىن دىل-سەمىمىي نىيەت بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىشى كېرەك. بىز مۇشۇ تەلەپ بويىچە ھازىرقى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭلا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ قالماي، مۇشۇ تەلەپ بويىچە ئىزباسارلارنىمۇ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشىمىز ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

(17) ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى، بولۇپمۇ ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش-تەربىيىلەش ئىشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك. ئادەم تەربىيىلەش — ئادەم ئىشلىتىشنىڭ ئاساسى، ئادەم ئىشلىتىشنىلا نەزەردە تۇتۇپ، ئادەم تەربىيىلەشكە سەل قاراش — كالتەپەملىك. كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش-تەربىيىلەشنى چوقۇم ئومۇمىيەتكە بېرىپ تاقىلىدىغان، ئاساس سېلىش خاراكتېرىنى ئالغان خىزمەت قاتارىدا قەتئىي ئېغىشماي چىڭ تۇتۇش لازىم. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش، ئۆگىنىشتە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەشنى مەركىزىي مەزمۇن قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر نەزەرىيىنى ۋە ئاساسىي بىلىمنى، زامانىۋى پەن-تېخنىكا بىلىملىرى ۋە قانۇن بىلىملىرىنى، دۇنيا تارىخىنى، جۇڭگو تارىخىنى، بولۇپمۇ يېقىنقى زامان جۇڭگو تارىخىنى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش لازىم. ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق توغرا دۇنيا قاراشنى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تېخىمۇ ئاڭلىق چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتتىكى پرىنسىپچانلىقنى، سېستىمىلىقلىقنى، ئالدىن كۆرەرلىكنى ۋە ئىجادكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار ۋە مېھماندارچىلىق بىلەنلا بولۇپ، ئۆگىنىشكە ئېتىبارسىز قارايدىغان ۋە ئۇنى بوشاشتۇرۇپ قويىدىغان خاھىشلارنى قەتئىي تۈگىتىش لازىم. ئوخشاش بولمىغان رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەلىپىگە قاراپ، ھەقىقىي يولغا قويغىلى بولىدىغان يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەش پىلانىنى تۈزۈپ، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى مۇددەتكە ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ تەربىيىلەش ھەمدە ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى رەھبىرىي كادىرلارنى ئىشقا قويۇشنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى قىلىش كېرەك. پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ ۋە ھەر خىل كادىرلار مەكتەپلىرىنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىنى پائال ئالغا سۈرۈپ، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك رەھبىرىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش لازىم.

پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن،

كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنى ئەمەلىيەت داۋامىدا چېنىقىشقا دادىل قويۇپ بېرىش كېرەك. ئۆسۈشتە يوشۇرۇن ئىمكانىيىتى بولغان ياش كادىرلارنى چىڭ تۇتۇپ يېتىشتۈرۈش لازىم. ئەتراپلىق رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەش تەجرىبىسى كەمچىل بولغانلارنى مەلۇم قاتلامنىڭ ئاچقۇچلۇق رەھبەرلىك ئورنىغا بالدۇرراق قويۇپ، ئۇلارغا ۋەزىپە يۈكلەش كېرەك؛ ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى ئىشلەش تەجرىبىسى كەمچىل بولغانلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ ۋەزىپىگە قويۇپ چېنىقتۇرۇش لازىم. ياش كادىرلارنى ئاساسىي قاتلامغا، ئامما ئارىسىغا، ئىسلاھات-قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە، بولۇپمۇ شارائىتى جاپالىق ياكى ئەھۋالى مۇرەككەپ بولغان جايغا بېرىپ سىناقتىن ئۆتۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش، يېتەكلەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

(18) ئىختىساسلىق خادىملارنى بايقاش ۋە ئىشلىتىشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، زور تۈركۈمدىكى مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. يېڭى تارىخىي شارائىتتا بىرلەشتۈرۈپ، كادىرلار قوشۇنىنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشارتىش، زىيالىيلاشتۇرۇش، ئىختىساسلاشتۇرۇش فاڭجېنىنى ۋە ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. كادىرلارنىڭ ئەخلاقى ۋە قابىلىيىتىنى ئۆلچەشتە، ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىشتىكى ئەمەلىي نەتىجىسىگە قاراش لازىم، ئادەملەرنى تاللاش ۋە ئىشقا قويۇشتا، جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي باھاسىغا دىققەت قىلىش كېرەك. سىتاژغا قاراپ ئىشقا قويۇش، تۇققۇزى تەل بولۇشنى تەلەپ قىلىش، مادارا قىلىش-ئېتىبار بېرىشكە ئوخشاش كونا ئۇقتىئىنەزەرلەرنى تۈگىتىپ، ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تاللاپ ئۆستۈرۈشتە بىرخىل شەكىل بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىق لازىم. ياخشىلارنىڭ ئىشقا قويۇلۇشىغا كەڭ يول ئېچىش، ھەر يەر-ھەر يەردىن بولۇش يولىنى تۇتۇش، پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن ياكى ئەتراپىدىكى تونۇشلۇق ئاز سانلىق كىشىلەر ئارىسىدىنلا كادىر تاللاشتىن ساقلىنىش، يېقىنلىرىنىلا ئىشقا قويۇشقا قارشى تۇرۇش كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا سىياسىي نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان، ئامما ئېتىراپ قىلغان مۇنەۋۋەر كادىرلارنى، بولۇپمۇ ياش كادىرلارنى دادىل ئۆستۈرۈش، مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇش لازىم. ئىدىيىۋى پەزىلىتى ناچار بولغان، ساختىپەزلىك قىلىدىغان، ئەمەل تالىشىدىغان كىشىلەرنى ھەرگىز ئۆستۈرۈشكە بولمايدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئايال كادىرلارنى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە پارتىيىسىز كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش-تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. كادىرلارنى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىرىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان كادىرلارغا قارىتىلغان خىزمەتنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئىشلەش لازىم.

(19) پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇش تۈزۈمى قاتارلىق مۇھىم تۈزۈملەرنىڭ ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش كېرەك. پارتىيە كادىر باشقۇ-

رۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ كادىر باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، دېموكراتىيىنى كېڭەيتىش، سىناشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئالماشتۇرۇش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ ئۆز تالانتىنى كۆرسىتىشىگە ئىمكانىيەت بېرىدىغان، جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان ئادەم ئىشلىتىش مېخانىزمىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈش لازىم.

رەھبىرىي كادىرلارنى تاللاش ۋە ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتىدە دېموكراتىيىنى كېڭەيتىش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇشتىمۇ، ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىشتىمۇ، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىپ، دېموكراتىك يول بىلەن كۆرسىتىش، خەلقنىڭ رايىنى سىناش ياكى دېموكراتىك يول بىلەن باھالاش ئارقىلىق، ئاممىنى بۇ ئىشقا تېخىمۇ كۆپ قاتناشتۇرۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، تەشكىلىي جەھەتتىن ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش، پارتكومنىڭ كوللېكتىپ مۇزاكىرىسى ۋە قارارىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. ئاممىنىڭ كۆپچىلىكى ھىمايە قىلمىغانلارنى ئۆستۈرمەسلىك لازىم.

رەھبىرىي كادىرلارنى سىناش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەمدە ئۇنى ئۆستۈرۈش-تۆۋەنلىتىش، مۇكاپاتلاش-جازالاش تۈزۈملىرى بىلەن جىپسىلاشتۇرۇش كېرەك. كادىرلارنى ئەخلاق، قابىلىيەت، تىرىشچانلىق ۋە نەتىجە جەھەتتىن ئەتراپلىق سىناش، ئەمەلىي خىزمەت نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، رەھبەرلىك بىلەن ئاممىنى بىرلەشتۈرۈلگەن سىناش ئۇسۇلىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش لازىم. ئالاقىدار تارماقلار ئوخشاش بولمىغان رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، ئىلمىي سىناش سىستېمىسى ۋە ئۆلچىمىنى ئىشلەپ چىقىپ، ئەمەلىي خىزمەت نەتىجىسىنى ئومۇميۈزلۈك سىناش ۋە توغرا باھالاش كېرەك. سىناش نەتىجىسىگە قاراپ ئۆستۈرۈش-تۆۋەنلىتىش، مۇكاپاتلاش-جازالاش، ھازىرقى ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلارنى قەتئىي تەڭشۈېتىش لازىم. كادىرلارنى يۇقىرىغا چىقىرىش-تۆۋەنگە چۈشۈرۈش تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

رەھبىرىي كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇش ھەمدە ئۇنى ئۆزىنى چەتكە ئېلىش تۈزۈمى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ۋەكالەت مۇددىتى تۈزۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگانلار ئارا، رايونلار ئارا، رايونلار بىلەن تارماقلار ئارا، پارتىيە ئورگانلىرى بىلەن ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئارا شۇنىڭدەك ئىقتىسادى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن نىسپىي ئارقىدا قالغان رايونلار ئارا كادىر ئالماشتۇرۇش ئىشىنى پىلانلىق، قەدەممۇقەدەم ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى كۆپ خىل مۇھىتتا ۋە ئورۇندا چېنىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئۆلكە، مىنىستىرلىك دەرىجىلىك كادىرلارنى ئالماشتۇرۇشنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئالغا سۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ نىسپىي مۇقىم بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار رەھبىرىي كادىرلارنى ئالماشتۇرۇشنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئەستايى-

دىللىق بىلەن ياخشى ئىشلىشى، پارتىيە ئىنتىزامىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى، كادىرلارنى يۆتكىسە بەرمەيدىغان، ئەۋەتسە ئالمايدىغان ناچار خاھىشنى قەتئىي تۈگىتىشى لازىم.

رەھبىرىي كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللارنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش خىزمىتى نىزامىنى تۈزۈپ چىقىپ ۋە يولغا قويۇپ، كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش لازىم. پارتىيىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلماي، تەشكىلات-كادىرلار ئىشلىرى ئىنتىزامىنى بۇزۇپ، ئادەم ئىشلىتىش مەسىلىسىدە ناتوغرا ئىستىلغا ياتىدىغان ئىشىنى قىلغانلارنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

دۆلەت خىزمەتچىسى تۈزۈمىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇش لازىم. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى جايلاردا مەلۇم دائىرىدە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان تۈزۈملەرنى—ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى تۈزۈمى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى، سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىش تۈزۈمى شۇنىڭدەك رەھبىرىي كادىرلارنى ئاشكارا كۆرسىتىش بىلەن ئىمتىھان ئېلىش-سىناشنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا تاللاپ ئۆستۈرۈش تۈزۈمى قاتارلىق تۈزۈملەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ۋە خۇلاسىلەش ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

(20) ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار (پارتگورۇپپىلار) ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، كونكرېت تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، مۇشۇ قارارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئىجرا قىلىشى لازىم. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېت مۇشۇ قارارنىڭ روھى ۋە ھەربىي قىسىملارنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئومۇمىي يىغىن پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، يولداش دىڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇلارنى يېتەكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ!



www.uyghurkitap.com

# دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم

—پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات

جېڭ شېكۈي

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنىدا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا مۇھىم قارار چىقىرىلدى. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرىدۇر. پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە بۇرۇلۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇش كېرەكمۇ، كېرەك ئەمەسمۇ، پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە قانداق چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى قانداق مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك دېگەن مەسىلە نۆۋەتتە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىدىيىۋى تونۇش مەسىلىسى ۋە ئەمەلىي خىزمەت مەسىلىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلىش پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي تەلىپى ۋە تۈپ كاپالىتى

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئىشى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرنى قويىدى. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ئەڭ مۇھىم مەسىلە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىنى يېڭىباشتىن تونۇش مەسىلىسىدۇر.

**1) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتا، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىرادە بىرلىكى**

**ۋە ھەرىكەت بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.** نۆۋەتتە، بىزنىڭ دېموك-
راتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەشتە، ناھايىتى مۇھىم بىر نۇقتا،
پۈتۈن پارتىيە مەركەزگە بويسۇنۇشى كېرەك دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ۋە مەركەزنىڭ
رەھبەرلىك نوپۇزىنى قوغداشنى تەكىتلەپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ
ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى
ئاساسىدا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش نىشانى ئاساسىدا
بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بارلىق پارتىيىلىك كادىرلارنى ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتە پارتىيىنىڭ
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى ستراتېگىيىلىك
ھەل قىلغۇچ تەدبىرىنى ھەقىقىي چۈشىنىش ۋە ئاڭلىق ھىمايە قىلىش، ھەرىكەت جەھەتتە
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش بۇيرۇقى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قەتئىي بويسۇنۇش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. پارتىيىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدى-
كى، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ
باشتىن-ئاخىر ئىرادە بىرلىكى ۋە ھەرىكەت بىرلىكىنى ساقلاش پارتىيىمىزنىڭ تۈرلۈك
ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز تۈردە غەلىبىگە قاراپ يېتەكلەپ مېڭىشىدىكى مۇھىم ئەڭگۈشتەردۇر.
ئەگەر دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىدىن چەتلەپ كېتىلسە ياكى دېموكرا-
تىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئىشى ئوبدان يولغا
قويۇلمىسا، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقى زىيانغا ئۇچرايدۇ-دە، باش-
باشتاقلىق قىلىپ، ھەر كىم ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلىدىغان، قىل دېگەننى قىلماي، قىلما
دېگەننى قىلىدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى-
نى ئۈنۈملۈك، تولۇق ئىزچىللاشتۇرغىلى بولماي قالىدۇ. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، پىلان-
لىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە بۇرۇلۇۋاتقان مەزگىلدە، كونا
تۈزۈلمە پەيدىنپەي ئۆزىنىڭ چەكلەش كۈچىدىن ئايرىلىدۇ، يېڭى تۈزۈلمە بولسا تېخى بەرپا
قىلىنمىغان ياكى قېلىپلاشقان سىستېما بولۇپ شەكىللەنمىگەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى
يولداشلارنىڭ بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن بولۇش
ۋە كۆپ مەنبەلىك بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرىگە بولغان چۈشەنچىسى توغرا ئەمەس، شۇ
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مەركەزنىڭ بۇيرۇقىغا ۋە پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىدى-
غان، ئومۇمىي مەنپەئەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان مەھەللىۋازلىق، تار مەھكىمىچىلىك، چېكى-
دىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك قاتارلىق ناچار خاھىشلار ناھايىتى ئاسانلا يۈز بېرىپ، پارتىيى-
نىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە، سوتسىيالىس-
تىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بەرپا قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭ-
لاشقا، نۆۋەتتە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلىشىمىز ئىن-
تايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

**2) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن،
دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈ-
رۈپ، تەدبىر كۆرۈشنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش، ئىلمىيلەشتۈرۈش كېرەك.** ھازىر،
پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى مەيلى
ئىدىيىۋى كۆز قاراش، بىلىم قۇرۇلمىسى جەھەتتىن بولسۇن ياكى خىزمەت ئۇسۇلى،
خىزمەت تەجرىبىسى جەھەتتىن بولسۇن، ئىلگىرىكى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىگە ماسلى-

شىشتىن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماسلىشىشقا تىرىشىپ بۇرۇلماقتا. لېكىن، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بازار ئىگىلىكى بەرىبىر بىز ئۇچراپ باقمىغان يات نەرسىدۇر، يەنە كېلىپ ئۇنىڭدا ئەينەك قىلغۇدەك تەييار تەجرىبە ۋە ئەندىزىمۇ يوق. نوقۇل پىلانلىق ئىگىلىككە سېلىشتۇرغاندا، بازار ئىگىلىكىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، ئەھۋالى ئۆزگىرىشچان بولىدۇ، بۇ ھال تەدبىر كۆرۈشنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرىدۇ، رەھبەرلىكنىڭ تەدبىر كۆرۈشكە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ. ناھايىتى روشەنكى، مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان، رىقابەت كەسكىن بولغان بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا توغرا ھەم ۋاقتىدا تەدبىر كۆرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شەخسنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە قابىلىيىتىگىلا تايىنىش تولىمۇ كۇپايە قىلمايدۇ، رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئەقىل-پاراستىگە، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل-پاراستىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھال بىزدىن دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى تەدبىقلاش يولى بىلەن پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى مەركەزلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ھەم پارتىيىنىڭ تۈپ تەشكىلىي تۈزۈمى، ھەم پارتىيىنىڭ تۈپ خىزمەت ئۇسۇلى، ئۇ پارتىيىنىڭ "ئاممىدىن ئېلىپ، ئاممىغا قايتۇرۇش"تىن ئىبارەت ئاممىۋى لۇشيەنىنىڭ نامايەندىسى. ئۇنىڭ ماھىيىتى بىزنىڭ دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى تولۇق ئاڭلاپ ۋە قوبۇل قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپلىقى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ دېموكراتىيە ئاساسىدا توغرا مەركەزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇشىمىزنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈستىدىكى ئىزدىنىشتە، كەڭ ئاممىنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا ياراتقان يېڭى ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز بايقاپ ۋە يەكۈنلەپ، ئۇنى دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق، رەھبىرىي ئورگانلارنىڭ توغرا تەدبىر كۆرۈشىنىڭ ئاساسى قىلىش تېخىمۇ زۆرۈر. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىن ئايرىلساق، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىدىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلغان بولىمىز-دە، ئۇ ھالدا توغرا تەدبىرنى بەلگىلەپ چىقالمايمىز، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا كېلىپ چىققان بىر قاتار يېڭى مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلالمايمىز.

**3). سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاكلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.** سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش—جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان تۈپ خاراكتېرلىك ئىسلاھات، ئۇ جەزمەن پارتىيە قۇرۇلۇشىغا، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى قارىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ كۆپىيىشى ۋە مۇرەككەپلىشىشى نەتىجىسىدە، پارتىيىلىك كادىرلار بولۇپمۇ پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار تېخىمۇ قاتتىق سىناقلارنى باشتىن كەچۈرىدۇ. نۆۋەتتە، ئاز ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى بولۇپمۇ ئاز ساندىكى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار، ئىدىيە جەھەتتە، پۇل ئېتىقادچىلىقى ۋە چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىكنىڭ چىرىتىشىگە ئۇچراپ، پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىنى

www.uyghurkitap.com

يوقاتتى، بەزىلىرى ھەتتا پارا بېرىش، پارا ئېلىش، خىيانەت قىلىش، چىرىكلىشىشتەك جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا مېڭىپ، پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىغا قاتتىق تەسىر يەتكۈزۈپ، پارتىيىنىڭ ئوبرازىنى بۇلغاپ، پارتىيىنىڭ ئاممىا ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى تۆكتى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشتا، پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىگىلا تايىنىپ قالماي، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋە ياخشى ئوبرازىغىمۇ تايىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر چىرىكلىكنىڭ ئەۋج ئېلىپ يامراپ كېتىشىنى مەيلىگە قويۇۋېتىدىغان بولساق، پارتىيىمىزنىڭ ئىلغارلىقى يوقىتىلىپ، پارتىيىمىزنىڭ ئاممىا ئارىسىدىكى ئىناۋىتى تۆكۈلىدۇ-دە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى ياخشى يولغا قويالمايمىز. نۆۋەتتە، بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بولۇپمۇ بىر قىسىم پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كوممۇنىستلارغا خاس پاك-ئادىل بولۇشتەك ئەسلى قىياپىتىنى ساقلىيالماسلىقىدا، دەرۋەقە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەكس تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدەك ئوبيېكتىپ سەۋەبمۇ بار، ئەمما بەزى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ مۇكەممەل بولمىغانلىقى، پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە ئوبدان چىڭ تۇرالمىغانلىقى ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبىدۇر. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى—پارتىيە تۇرمۇشىنىڭ تۈپ مىزانى، ئۇ پارتىيە ئەزالىرىدىن تەشكىلىي جەھەتتە پارتىيىنىڭ قارارلىرىغا بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە ئىنتىزامىغا بويسۇنۇشنى، ئىستىل جەھەتتە پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى ساقلاشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. بىز دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە ئەستايىدىل چىڭ تۇرۇپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا دائىر كونكرېت تۈزۈملەرنى داۋاملىق ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە تۇرمۇش يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى قاتتىق يولغا قويغاندىلا، ئاندىن ئۈزلۈكسىز تۈردە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ چىرىتىشكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىدىغان ئەھۋاللارنى تۈزۈم جەھەتتىن چەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئاز ساندىكى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ چىرىكلىشىش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھالدا تۈگىتەلەيمىز، پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە جەلىپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرالايمىز. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلالايمىز.

## 2. نۆۋەتتە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى سەگەكلىك بىلەن تونۇپ، خاتا خاھىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بىز يېڭى بىر مۇھىتتا، يېڭى تارىخىي شارائىتتا دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇۋاتىمىز. شۇڭا، كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەرمۇ خېلى كۆپ. بىر تەرەپتىن، بىز دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش

تۈزۈمىدە بىرنەچچە ئون يىل چىڭ تۇرۇپ، بىر يۈرۈش تۈپ پرىنسىپ ۋە تۈپ تۈزۈملەرنى شەكىللەندۈرۈش بىلەنلا قالماي، بەلكى بىر قاتار كونكرېت تەجرىبىلەرنى ۋە ئۇسۇللارنىمۇ شەكىللەندۈردۇق؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىلگىرىكى ئۇسۇل ۋە تەجرىبىلەرنى يېڭى شارائىتتا قانداق تەدبىقلاش، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قانداق قىلىپ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئاساسەن راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە مۇھاكىمە قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى دەل ئاساس سېلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، كونا تۈزۈلمىنىڭ ئورنىنى يېڭى تۈزۈلمە ئېلىۋاتقان مەزگىلدە ئىقتىسادىي پائالىيەت مۇقەررەر ھالدا قائىدىسىز (ھېچ بولمىدى دېگەندىمۇ مۇكەممەل، يۈرۈشلەشكەن قائىدە كەمچىل بولغان) ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرىدۇ. بۇ ھال دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە نورمال چىڭ تۇرۇشنى ئىدىيۇۋى قاراش جەھەتتىن زەربىگە ئۇچرىتىدۇ ۋە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى كونكرېت ئىجرا قىلىش ئىشىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە بولغان قارىشىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى ۋە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىشى ئۆز نۆۋىتىدە ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشىنى كۈچەيتىۋەتتى. شۇڭا ئاساسىي ئېقىمنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش شەرتى ئاستىدا، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، نۆۋەتتە، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەر ھەقىقەتەن بىرقەدەر كۆپ، مەسىلە كېلىپ چىقىشنىڭ سەۋەبلىرىمۇ خېلى مۇرەككەپ، بۇنىڭدا كونا مەسىلىلەرمۇ، يېڭى مەسىلىلەرمۇ بار؛ دېموكراتىيە يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىمۇ، مەركەزلەشتۈرۈش يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىمۇ، مەركەزلەشتۈرۈشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش مەسىلىسىمۇ بار، دېموكراتىيىنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش مەسىلىسىمۇ بار؛ شەخسلەر سىناققا بەرداشلىق بېرەلمەسلىك، ئۇلارنىڭ ساپاسى تۆۋەنلەپ كېتىش، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلىشتەك سەۋەبمۇ بار، بەزى پارتىيە تەشكىلاتلىرى چېچىلاڭغۇلىشىپ كېتىش، ئۇلارنىڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى تەربىيىلىشى ۋە چەكلىشى يېتەرلىك بولماسلىقتەك سەۋەبمۇ بار؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم يولداشلار يېڭى ۋەزىيەتتە نېمە قىلارنى بىلەلمەسلىك، چارە-تەدبىر تاپالماسلىق، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشتا دادىل بولالماسلىق ياكى ئۇنىڭغا ماھىر بولالماسلىقتەك سەۋەبمۇ بار.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، نۆۋەتتە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسىگە ياتىدىغان مۇنداق تۆت خىل خاھىش بار، ئۇنىڭغا قارىتا يۇكسەك دەرىجىدە دىققەت-ئېتىبارىمىزنى قوزغىشىمىز، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز، ئۇنى قەتئىي توسۇشىمىز كېرەك.

1) تارقاقچىلىق. تارقاقچىلىق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدىن چەتنەپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتماي، باشباشتاقلىق قىلىپ، ھەركىم ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلىدىغان خاتا خاھىشتۇر. نۆۋەتتە تارقاقچىلىقنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى مەھەللىۋازلىق ۋە تار مەھكىمىچىلىك، ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئىقتىسادىي پائالىيەت داۋامىدا ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن يەرلىك قورۇقچىلىقنى ۋە تارماقلار بويىچە قامال قىلىشنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت. مەھەللىۋازلىق ۋە تار مەھكىمىچىلىك ھەم

دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپ، ھەم بازار ئىگىلىكىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىگە ۋە تۈپ پرىنسىپىغا خىلاپ، شۇڭا ئۇنىڭ تەسىرى ۋە زىيىنى ئىنتايىن زور. ماكرو جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىش ۋە تەڭشەش-تىزگىنلەش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ ھۆكۈمەت ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ مەملىكەت بويىچە بىردەكلىكىگە بىۋاسىتە دەخلى يەتكۈزۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئېشىشىغا توسالغۇ بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ نوپۇزىنى قوغدىغىلى بولمايدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇ پۈتۈن مەملىكەتتە رايونلارغا بۆلۈۋېتىش، رايونلار ئارا قامال قىلىشتەك ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويۇپ، نورمال تاۋار ئوبوروتىنى ۋە بازارنىڭ يېتىلىشىنى بۇزمىلاپ، مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش چوڭ بازارنىڭ شەكىللىنىشىگە دەخلى يەتكۈزۈپ، تاۋارلىرىمىزنىڭ خەلقئارا بازارغا كىرىشىگىمۇ پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ.

2) لىبېرالىزم. بۇ خىل خاھىشنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى ئىپادىسى ئاساسەن ئىككى خىل: بىر خىلى، بەزى رەھبەرلىك بەنزىلىرى شەخس ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇش بىلەن كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمايدۇ، بەنزە ئەزالىرى ئارىسىدا ئىش تەقسىم قىلىۋېلىشلا بار، ھەمكارلىشىش يوق، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىدۇ، بىرىكمە كۈچ بولۇپ شەكىللىنەلمەيدۇ؛ يەنە بىرخىلى، قىسمەن رەھبەرلىك بەنزىسىدە دېموكراتىيىنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش مەسىلىسى مەۋجۇت، بىرەر ئىشتا مۇزاكىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، ھەركىم ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ، بىر-بىرىگە يول قويمايدۇ، تۈگىمەس مۇزاكىرە بىلەن بولۇپ كېتىپ ئىشنى ھەل قىلالمايدۇ، توغرا مەركەزلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ. لىبېرالىزمنىڭ ئىپادىلىرى قىسمەن رەھبىرىي كادىرلار ۋە قىسمەن ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرىدىمۇ مەۋجۇت. بۇنىڭ ئالدىنقى قىسىم كىشىلەردىكى ئاساسىي ئىپادىسى مۇنداق: بەزى رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىنى تەشكىلدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالاھىدە پارتىيە ئەزاسى دەپ قاراپ، پارتىيە تەشكىلىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشمايدۇ، پارتىيە تەشكىلى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ، پارتىيە ئىنتىزامىغا پىسەنت قىلماي، ئاغزىمغا كەلدى دەپ سۆزلەۋېرىدۇ، نېمىنى قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىدۇ؛ بەزى رەھبىرىي كادىرلاردا كوللېكتىپچىلىق كۆز قارىشى ۋە ھەمكارلىشىش ئېڭى كەمچىل بولۇپ، ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان خىزمەتكىلا ئەھمىيەت بېرىدۇ، خىزمەتداشلىرى بىلەن ماسلىشىشقا دىققەت قىلمايدۇ، ھەتتا ئۆزى باشقۇرغان خىزمەتنى ياكى تارماقنى ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى دەپ قاراپ، باشقىلارنى ئارىلاشتۇرمايدۇ؛ بەزى رەھبىرىي كادىرلار خىزمەتتە ئازراق نەتىجىگە ئېرىشسىلا، تەشكىلدىن مەنسەپ تەلەپ قىلىدۇ، تەشكىل بىلەن سودىلىشىدۇ، بىرەر ئىش شۇنچىكى كۆڭلىگە ياقماي قالسىلا نارازى بولۇپ غۇم ساقلايدۇ؛ بەزى رەھبىرىي كادىرلار تۆھپە قازىنىپ ئۆزىنى كۆرسىتىش كويىدا چوڭ-چوڭ ئىشلارغا تۇتۇش قىلىپ كېتىدۇ، خىزمەتنى تۇتقاندا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلماي، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە پايدىلىق بولغان داغدۇغىسى بار خىزمەتنى ئىشلەشكە قىزىقىدۇ، ئاساسىي خىزمەتنى باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشنى خالىمايدۇ. كېيىنكى قىسىم كىشىلەردىكى ئاساسىي ئىپادىسى مۇنداق: بەزى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزام كۆز قارىشى ناچار بولۇپ، ئۇزاقتىچە پارتىيە تەشكىلىنىڭ سىرتىدا يۈرىدۇ، تەشكىلىي تۇرمۇشقا قاتناشمايدۇ،

پارتىيە ئەزاسىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمايدۇ، ئۆزىنى پارتىيە ئىنتىزامى بىلەن چەكلەپ تۇرمايدۇ، پارتىيە ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. بۇنداق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى بەزى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا ئاز ئەمەس. لىبېرالىزم پارتىيە ئىنتىزامىنى بۇزىدىغان، پارتىيە تەشكىلىنى تارقاقلاشتۇرۇۋېتىدىغان، كوللېكتىپ رەھبەرلىككە دەخلى يەتكۈزىدىغان ئىدىيە ۋە قىلمىشتۇر.

3) مەركەزلەشتۈرمىچىلىك ۋە ھاكىممۇتلەقلىك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەمەلىيەتتە مۇنداق بىرخىل ھادىسە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى: يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن ئالاقىدار ھوقۇقلارنى تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنغا بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇندا شەخسلەر ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈۋېلىپ، ھاكىممۇتلەقلىك قىلىدىغان ئەھۋال پەيدا بولۇپ قالدى. دېموكراتىيە ئىستىلى ناچارراق، سۈپىتى تۆۋەنرەك بولغان قىسمەن ئاساسىي قاتلام رەھبەرلىرى ھوقۇقنى يۈرگۈزۈش داۋامىدا دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى توغرا ئىجرا قىلماي، ھوقۇقنى ئاددىي ھالدا ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرۈۋالىدۇ، چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالىدۇ، كىچىك ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش، ئەمەلىيەتتە، ھوقۇقنى باشقىچە شەكىلدە مەركەزلەشتۈرۈشكە ئۆزگىرىپ قالغان، يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇننىڭ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشى تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇندىكى شەخسنىڭ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشىگە ئايلىنىپ قالغان، بۇ ھال مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىشنىڭ ئىجابىي رولىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرغان. ئەكسىچە رەھبەرلىك خىزمىتىدىكى شەخس ھاكىممۇتلەقلىك قىلىدىغان ئائىلە باشلىقلىق ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇۋەتكەن. بەزى رەھبىرىي كادىرلار تەدبىر كۆرىدىغان چاغدا باشقىچە پىكىرلەرگە قىلچە قۇلاق سالمايدۇ، ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى دەپ، ئۆزىنىڭ دېگىنىنى ھېساب قىلىدۇ، يېنىكلىك بىلەنلا قارار چىقىرىدۇ؛ بەزى رەھبىرىي كادىرلار تەشكىلنى ئۆزەمنىڭ قورالى، ئىدارىنى ئۆزەمنىڭ ”زېمىنى“ دەپ قاراپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ھاكىممۇتلەقلىك قىلىدۇ، شەخسىي ئىرادىسىنى كوللېكتىپنىڭ ئىرادىسى ئورنىغا دەسسىتىدۇ، ئىستىلدا قوپال، مۇتتەھەم بولۇپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن خىيالىغا كەلگەننى قىلىدۇ. مەركەزلەشتۈرمىچىلىك ۋە ھاكىممۇتلەقلىك پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى بۇزىدىغان، كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىدىغان بىر خىل خاتا خاھىشتۇر، ئۇ تەدبىر كۆرۈشتە ئاسانلا سەۋەنلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى تۆۋەنلىتىۋېتىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى چىرىكلىك قىلمىشىنى ئاسان پەيدا قىلىدۇ.

4) ياخشىچاقلىق. ياخشىچاقلىق ئۆزىنى ساقلاش ئۈچۈن پارتىيە ئىشلىرىغا ئىنتايىن مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش، ئىستىلدا چاكىنىلىشىش، پرىنسىپتىن ۋاز كېچىش، زىددىيەتتىن قېچىشتىن ئىبارەت خاتا خاھىشتۇر. نۆۋەتتە كادىرلار قوشۇنىدا ياخشىچاقلىق ئىدىيىسى بار كىشىلەر ئاز ئەمەس، بەزى جايلارنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان خىزمەتنى يۈرۈشلەشتۈرەلمەسلىكى بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، بەزى جايلار رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كۆپ چاغلاردا، ياخشىچاقلىق ئىدىيىسى ئېغىر كىشىلەرنى ئاساسلىق رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىرىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتىن مەلۇم بولدىكى، بۇنداق رەھبىرىي كادىرلار ”بەنجاڭ“ قىلىپ قويۇلسا، رەھبەرلىك بەنزىسىدە پرىنسىپ تەكىتلەنمەيدىغان، پائال ئىدىيىۋى كۈرەش قانات يايدۇرۇلمايدىغان، ئۆزئارا ياخشى-

چاق بولۇپ، مادارا قىلىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. ماھىيەتتە بۇ ھال رەھبەرلىك بەنزىسىدىكى دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان تارقاقچىلىق، لىبېرالىزملىق ۋە چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ھادىسىلىرىنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ، ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، ئىنتىزامنى بۇزۇش قىلمىشىنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ، نەتىجىدە بەنزىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلىشىپ، زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ياخشىچاقلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە زىيىنىنى ئېنىق بىلىۋېلىشىمىز، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.

## 3. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىش كېرەك

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ھەم پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويدى، ھەم دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن يېڭى پۇرسەت ۋە شارائىت يارىتىپ بەردى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ۋە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ياخشىلاشنى ئاساس قىلىپ، يېڭى تارىخىي شارائىتتا دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى ۋە يولى ئۈستىدە نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن تىرىشىپ ئىزدىنىپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە ھازىر ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ھەل قىلىپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئالدىمىزغا قويۇلغان مۇھىم مەسىلە ۋە ۋەزىپىدۇر.

**1) دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى توغرىسىدىكى تەربىيىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى ئاڭلىقلىقنى ئۆستۈرۈش كېرەك.** دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى چوڭقۇر چۈشەنمەي، ھەقىقىي تۈردە ئىگەللىمەي تۇرۇپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئاڭلىق، قەتئىي تۈردە ئىجرا قىلىش مۇمكىن ئەمەس، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ياخشى ئىجرا قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۆلكىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۆتكەن يىلدىن بۇيان، يېزا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىسى بويىچە ئومۇميۈزلۈك نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلىمى ئېلىپ بېرىلىپ، زور بىر تۈركۈم ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كادىرلار ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورنىغا چىقتى. نۆۋەت ئالماشتۇرۇشتىن كېيىن، بىز ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قۇرۇلۇشى بويىچە بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق، نەتىجىدە يېڭىدىن چىققان ياش كادىرلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى توغرىسىدىكى كۆز قاراشنىڭ سۇس بولۇش مەسىلىسى ساقلانغانلىقىنى، بەزىلەرنىڭ كاللىسىدا ھەتتا

دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە دائىر ئاساسىي ئۇقۇم ۋە پرىنسىپلارنىڭمۇ ئېنىق
ئەمەس ئىكەنلىكىنى سەزدۇق. بەنزىدىكى بەزى پېشقەدەم يولداشلاردىمۇ بازار ئىگىلىكى
شارائىتىدا دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈ-
رۈش مەسىلىسى ئۈستىدە بىرمۇنچە مۇجمەل تونۇش مەۋجۇت ئىكەن. بۇنداق بولۇشىنىڭ
سەۋەبى كۆپ، ئىنتايىن مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، بىر مەزگىلدىن بۇيان، دېموكراتىيە-
مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەش يېتەرلىك بولماسلىق، دېموكراتىيە-
مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ۋە ئاساسىي پرىنسىپلار ئۈستىدە تەشۋىقات،
تەربىيە ئېلىپ بېرىش يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى ھەقىقەتەن مەۋجۇت. ئۇنىڭدىن باشقا،
سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە قانداق
چىڭ تۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىش، نەزەرىيە ۋە تۈزۈم قاتارلىق جەھەتلەر-
دىن ئېنىق يېتەكچىلىك قىلىشمۇ ھەقىقەتەن زۆرۈر. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۆۋەتتە
دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى توغرىسىدىكى ئۆگىنىش ۋە تەربىيىنى ياخشى
تۇتۇش ئالاھىدە زۆرۈر. بازار ئىگىلىكىنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە قانداق
يېڭى تەلەپ قويغانلىقىنى، قانداق قىلغاندا دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ
تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇ-
رۇپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك
بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە
قىلىش، تەھلىل قىلىش لازىم. قاراتمىلىقى بولغان ھالدا بەزى مەخسۇس تېمىلارنى مۇھىم
نۇقتا قىلىپ تاللاپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بىلەن سوتسىيالىستىك بازار
ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى نەزەرىيە جەھەتتىن تەتقىق قىلىپ، شەرھلەپ، مۇجمەل
قاراشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ،
دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشتىكى ئاڭلىقلىقنى ئۆستۈرۈش
كېرەك.

**2) پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىشنى كۈچەي-
تىپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كا-
پالەتلىك قىلىش كېرەك.** دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى كۈچلۈك ئىجرا قىل-
غىلى بولۇش-بولماسلىقى ئاڭلىقلىقنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىغىلا باغلىق بولۇپ قالماس-
تىن، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىشنىڭ قاتتىق بولۇش-بولماسلىقىغىمۇ باغلىق. پارتىيىنىڭ
دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى ئىجرا قىلغانلىق پارتىيىنىڭ سىياسىي ئىنتىزا-
مىنى ۋە تەشكىلىي ئىنتىزامىنى ئىجرا قىلغانلىقتۇر. بۇ يەردە ئىجرا قىلىش كېرەكمۇ،
كېرەك ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى چوقۇم قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەك.
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمى-
سىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جايلار ۋە تارماقلارنىڭ ئىدىيىدە
دادىل ئازاد بولۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن،
سىياسەتلىرىنى ئىجادكارلىق بىلەن ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى، بىراق بۇ
ھەرگىز ”يۇقىرىدا سىياسەت بولسا، تۆۋەندە قارشى تەدبىر بار“ دېيدىغان يولنى تۇتۇشقا
رۇخسەت قىلىنغانلىق ئەمەس، ئومۇمىي مەنپەئەتنى ۋە بىر پۈتۈن مەنپەئەتنى نەزەردە تۇتمايدى-
غان ھەتتا ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارغا يول قويغانلىق ئەمەس. پارتىيە ئىنتىزامىنى

www.uyghurkitap.com

قاتتىق ئىجرا قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى رەھبىرىي كادىرلاردا، ھالقىلىق مەسىلە نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتە. ئالدى بىلەن پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتنى كۈچەيتىش كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىشى، ئېنىق تەلەپ ۋە كونكرېت پىكىر قويۇپ يېتەكلەپ مېڭىشى كېرەك، سېزىلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەنقىدلەپ تۈزىتىشى، ھەل قىلىشى لازىم. پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سىياسىي تۇرمۇشنى چىڭىتىپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلغان كىشىنى تەنقىدلەشكە جۈرئەت قىلىش لازىم. ئاندىن قالسا، ئاممىنىڭ پارتىيىلىك كادىرلار ئۈستىدىكى نازارىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. نازارەت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، نازارەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ۋە پارتىيە ئىنتىزامىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى ھەقىقىي تۈردە پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاممىنىڭ نازارىتى ۋە تەنقىدىگە قويۇشى لازىم.

**3) سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئەمەلىيىتىدە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.** دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئەمەلىيەتنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇ مۇقەررەر يوسۇندا ئەمەلىيەت داۋامىدا تولۇقلىنىدۇ، راۋاجلىنىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ. يېڭى تارىخىي دەۋردە، بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىكى ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە دەۋرگە خاس بولغان يېڭى مەزمۇنلارنى بەخش ئېتىشىمىز، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم. بىرىنچىدىن، بازار ئىگىلىكىگە ئائىت يېڭى كۆز قاراشلارنى، مەسىلەن ۋاقىت-ئۈنۈم كۆز قارىشى، قانۇنچىلىق كۆز قارىشى، باراۋەر ئاساستا رىقابەتلىشىش كۆز قارىشى قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلىپ، بۇ كۆز قاراشلارنى دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئاساسىدىكى ئىنتىزام كۆز قارىشى، دېموكراتىيە كۆز قارىشى قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تەلىپىگە ماسلىشىش كېرەك، مەسىلەن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا رىقابەت ئىنتايىن كەسكىن بولىدۇ، بۇ ھال دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشتا ھەم قاتتىق ۋە تەرتىپلىك بولۇشنى، ھەم ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، تېز ۋە توغرا تەدبىر كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە ئالايلۇق، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئىقتىسادىي سۇبيېكتنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بولىدۇ، ئۇنىڭ تاشقى مۇھىتى ۋە ئۆز شارائىتىمۇ زور پەرق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيە تەشكىلاتى دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە يۇقىرىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلغاندا، ھەم پرىنسىپاللىقنى تەكىتلىشى، ھەم ئىجادكارلىققا ئەھمىيەت بېرىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە جانلىقلىققا ئىگە بولۇشى، ئىنتىزامنى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتى ۋە ھەرىكەت قائىدىسىگە ئەمەل قىلىش كېرەك. سىياسەت بەلگىلەش، تەدبىر كۆرۈشتە، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ماسلىشىپ، ئىقتىسادىي

تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەركەز قىلىش كېرەك؛
ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىشتىمۇ بازار ئىگىلىكى قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلماسلىقنى ئالدىنقى
شەرت قىلىش كېرەك.

**4) دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە ئائىت تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قېلىپلىشىشىنى ۋە مەشغۇلاتچانلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.** دېموكراتى-
يە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان تۈرلۈك تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ
ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى كونكرېتلاشتۇ-
رۇش—بۇ، دېموكراتىيىنى تولۇق يولغا قويۇشنى ۋە ئۈنۈملۈك مەركەزلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇشنىڭ كونكرېت يولى ۋە مۇھىم كاپالىتى. نۆۋەتتە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش
تۈزۈمى جەھەتتە بەزى تۈزۈملەر ئورنىتىلدى، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، تولۇق،
مۇكەممەل، سىستېمىلىق، قېلىپلاشقان، مەشغۇلات قىلىشقا بولىدىغان تۈزۈم سىستېمىسى
تېخى شەكىللەنگىنى يوق. شۇڭا، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە ئائىت كونكرېت
تۈزۈملەرنى ئورنىتىش جەھەتتە دادىل ئىزدىنىش، ئۇنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز
مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بىرىنچىدىن، پارتىيە قۇرۇلتىيى تۈزۈمى، كوللېكتىپ رەھ-
بەرلىك قىلىش بىلەن شەخس ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇشنى بىرلەشتۈرۈش
تۈزۈمى، دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى تۈزۈمى ۋە پارتكومىنىڭ خىزمەت نىزامى، پارتىيە
ئىچىدىكى نازارەتچىلىك نىزامى قاتارلىق ئاساسىي تۈزۈم ۋە نىزاملاردا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى
مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ئىككىنچىدىن، جايلارنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جە-
ھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەمەلىيەت داۋامىدا شەكىللەنگەن
رەھبىرىي كادىرلارنى دېموكراتىك باھالاش تۈزۈمى، دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى، ئومۇمىي
ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ ئىش تۈزۈمى ۋە ئاۋاز بېرىش تۈزۈمى، دېموكراتىك مەسلىھەت تۈزۈمى
قاتارلىق كونكرېت تۈزۈملەرنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ئۈچىنچىدىن، سوت-
سىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە ئاساسەن، مۇناسىپ كونكرېت
تۈزۈملەرنى ئورنىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىشنىڭ
مۇناسىپ تەرتىپىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. سوتسىيالىستىك بازار
ئىگىلىكى شارائىتىدا، ئىقتىسادنىڭ قۇرۇلمىسى كۆپ مەنبەلىك بولىدۇ، پارتىيە تەشكىلاتلى-
رىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇن ۋە ئىقتىسادىي تەشكىلاتلاردىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش
شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ، بۇ ھال ئوخشاش بولمىغان ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا
دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش جەھەتتە قويۇلغان كونكرېت
تەلەپنىڭ پەرقلىق بولۇشىنى، بۇ خىل پەرققە ئاساسەن مۇناسىپ ھالدا كونكرېت تۈزۈم ۋە
تەرتىپ تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

پارتىيىمىزنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلارغا رەھبەر-
لىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن،
بىز 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈ-
شىمىز، ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تەلىپىگە ئاسا-
سەن دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يەنىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە
ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى
يەنىمۇ ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

(ئاپتور: ج ك پ سەنشى ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئەركىنجان
رىسالەت ئابلا
تەلئەت ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىر: ئالىمجان سابىت

# پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتايلى

**گاۋ دېجەن**

يېقىندىلا يېپىلغان پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىنى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرقانچە زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»نى چىقاردى. بۇ يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتىكى بىر پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت. بىز ئۇنى چوڭقۇر ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك رەھبىرىي كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈپ ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈپ، «قارار»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئۇنى ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارالايدىغان جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش— پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى مەڭگۈ ساقلاشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، شۇنداقلا يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ بىرى. «قارار»دا: ”پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى—پارتىيىنىڭ بارلىق خىزمىتىنىڭ ۋە جەڭگىۋارلىقىنىڭ ئاساسى، بۇ تەشكىلاتلار ئامما بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەت باغلاش، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئاممىنى تەشكىللەش، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئاساسىي قاتلاملاردا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. ئىسلاھاتنىڭ ئالغا سۈرۈلۈشى ۋە ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىمۇ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىم تۇرۇشىمۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنىڭ ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىغا باغلىق.“ دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئاساس مۇستەھكەم بولغاندىلا، پارتىيىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى ئاندىن قۇدرەتلىك جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولالايدۇ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئاندىن ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ، بىز ئاندىن ھەرقانداق قىيىنچىلىق ۋە بوران-چاپقۇنلارنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، مەڭگۈ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايمىز.

www.uyghurkitap.com

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، بىز پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەننى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى يېقىندىن دەۋرىي قىلىپ، پارتىيىنى پارتىيە باشقۇرۇش، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشنىڭ يېڭى يولى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى، جەلپ قىلىش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى رۇشەن ھالدا ئاشۇردۇق، ئومۇمىي ئەھۋال ياخشى. لېكىن يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش، باشقۇرۇش خىزمىتىدە نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەرگىمۇ دۇچ كەلدۇق، بىزنىڭ 4-ئومۇمىي يىغىن «قارارى»نىڭ روھىغا ئاساسەن، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ۋە ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسىگە ماسلاشتۇرۇشىمىز جىددىي زۆرۈر بولماقتا.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا، ئەڭ مۇھىمى، دىققەت-ئېتىبارىمىزنى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا قارىتىش كېرەك. پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق كەڭ ئاممىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، پارتىيىنىڭ كۆزلىگەن نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بىز ئىشلەنگەن خىزمەتلەر ئاساسىدا، «قارار»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرنى بىر-بىرلەپ ئوبدان تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. بىرىنچى، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەككى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتىكى خىزمەتلەر چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى يېقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى، شۇ ئارقىلىق پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلاملارغىچە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىلىرىنىڭ ياخشى ئورۇندىلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى لازىم. ئىككىنچى، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش ئاساسىدا، باسقۇچقا بۆلۈپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ياخشى تەرتىپكە سېلىش، ياخشى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. ئۆتكەن يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيان، بىز مەركەزنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى مەركەزلىك تۇتۇپ، بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتۇق. شەھەرلىك پارتكوم يېزىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى بويىچە رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچ يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، 1996-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن شەھەردىكى 3870 كەنت دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ھەممىسىنى تەرتىپكە سېلىپ، ياخشى قۇرۇپ چىقىشنى، ئارقىدا قالغان 516 پارتىيە ياچېيكىسىنى ھازىرقى

ئىككىنچى دەرىجىلىك ياچېيكىلار قاتارىغا ئۆتكۈزۈشنى بەلگىلىدى. بىرقاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، پەرىزىمىزچە، بۇ يىل ئۆتمىلىق تەرتىپكە سېلىنغان 219 ئارقىدا قالغان پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەممىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئىلغار ياچېيكىلار قاتارىغا ئۆتەلەيدۇ. بۇندىن كېيىن بىز «قارار»نىڭ روھىغا ئاساسەن، خىزمەتلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، يېزىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەيمىز. تيەنجىن چوڭ سانائەت-سودا شەھىرى بولغاچقا، كارخانىلاردىكى بولۇپمۇ دۆلەت كارخانىلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش تېخىمۇ مۇھىم. بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشنى كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش، زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى تۇتۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا پارتىيىنىڭ پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، كارخانا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىمىز. بىر تۈركۈم كادىرلارنى تەشكىللەپ تۆۋەنگە چوڭقۇر چۆكۈپ، كارخانىلاردىكى بەنزىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىر-بىرلەپ تەھلىل قىلىپ، نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، مەسىلىلىرىنى تېپىپ چىقىپ، كونكرېت ياردەم ۋە تەربىيە بېرىمىز. غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى تۈرلۈك كارخانىلاردىمۇ، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە خىزمەت تۈزۈمىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، كۈچ سەرپ قىلىپ ئىدارە، مەكتەپ، پەن تەتقىقات يۇرت-ئورۇنلىرى، مەدەنىيەت-سەنئەت ئورۇنلىرى ۋە كوچا قاتارلىق ئاساسىي قاتلام ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتىمىز.

ئۈچىنچى، تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك. «قارار»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ھازىردىن باشلاپ ئۈچ يىل ۋاقىت ئىچىدە، قاتلاملىق، ئۆتمىلىق ھالدا بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىنى چىڭىتىپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇش كېرەك.

”ئۈچ يىغىن، بىر دەرس“ تۈزۈمىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنى دېموكراتىك باھالاش تۈزۈمىنى ھەقىقىي تۈردە ئىجرا قىلىپ، ”ئىلغار ياچېيكا بولۇش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇش“، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيەت رايونىنى ئايرىش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك ئىش ئورنىنى قۇرۇش، پارتىيە ئەزالىرىنى نىشانلىق باشقۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئاۋانگارتلىق-نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ بەنزە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك، بولۇپمۇ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسىنى ياخشى تاللاش كېرەك. پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرغان ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار ئىچىدىكى مۇنەۋۋەر يولداشلارنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە قوشۇنىنى زورايتىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېڭى دەۋردە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد مەركىزىي رەھبەرلىك كوللېكتىپى پۈتۈن پارتىيىنى يېتەكلەپ ئېلىپ بېرىۋاتقان يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشتۇر. بىز قەتئىي ئىشىنىمىزكى، يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەك-چىلىكىدە، پۈتۈن پارتىيە ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتىدىغانلا بولسا، پارتىيىمىز چوقۇم تېخىمۇ كۈتۈرەڭگۈ روھلۇق بولۇپ، ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەك-لەپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى غەلىبىلىرىنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

(ئاپتور: ج ك پ تيەنجىن شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)

تەرجىمە قىلغۇچى: تەلئەت ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

.ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش مۇھاكىمە مۇنبىرى.

# قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈپ، قۇمنى تىزگىنلەپ، خەلققە بەخت-سائادەت يارىتايلى

جاڭ تىخۇۋ

مەملىكىتىمىز دۇنيادا تۇپراقنىڭ قۇملىشىپ كېتىش خەۋپى ئېغىر بولغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. تۇپراقنىڭ قۇملىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان مۇھىت ناچارلىشىپ كېتىش، ئىقتىسادىي جەھەتتە نامراتلىشىپ كېتىش ئەھۋالى قۇملۇق رايوندىكى خەلقنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىۋاتقانلىقى ۋە بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ بوغۇلۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم سەۋەبىدۇر. قانداق قىلىپ قۇملۇقنى ۋە قۇملىشىپ كەتكەن تۇپراقنى تىزگىنلەش قەدىمىنى تېزلىتىپ، تۇپراقنىڭ قۇملىشىپ كېتىشىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغۇچى رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى تېزدىن ياخشىلاپ، بۇ رايونلارنىڭ ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشىنى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسى بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان زور مەسىلە بولۇپ قالدى. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا قۇملۇق، چۆل ۋە قۇملىشىپ كەتكەن يەر كۆلىمى 714 مىليون مو بولۇپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 40 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ غەمخورلۇقىدا، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى قۇم-بوران ئاپىتىگە قارشى بوشاشماستىن قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلدى، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى 15 يىلدا، قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تىزگىنلەش ئىشلىرى شىددەت بىلەن راۋاجلاندى. 15 يىلدا، ئاپتونوم رايون بويىچە 55 مىليون مو يەر ئورمان بەرپا قىلىنىپ كۆكەرتىلدى، بۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىشتىن بۇرۇنقى 30 يىلدا كۆكەرتىلگەن يەر كۆلىمىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. 1993-يىلىغىچە قۇملۇق رايوندا سۈنئىي بىنا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 13 مىليون 840 مىڭ موغا، دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپ ئۆستۈرۈپ، كۆچمە قۇملار تىزگىنلەنگەن يەر كۆلىمى 4 مىليون 40 مىڭ موغا يەتتى. ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە 28 مىليون مو ئېتىز شۇنىڭدەك قاشالانغان يايلاقنىڭ ئاز كەم ئۈچتىن بىر قىسمى ئورمان بىلەن مۇھاپىزەت قىلىندى، قۇملىشىپ كەتكەن يەر كۆلىمىنىڭ 25 پىرسەنتى ۋە توپىسى كۆچۈپ كەتكەن تۇپراقنىڭ 20 پىرسەنتى دەسلەپكى قەدەمدە تىزگىنلەندى. ئومۇمەن ئورمان بىنا قىلىپ قۇمنى تىزگىنلەش ئىشى ياخشى يولغا قويۇلغان جايلاردا تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىت زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مەھسۇلات مۇقىم بولدى ۋە ئاشتى، دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ دارامىتى كۆپىيىپ، تۇرمۇش سەۋىيىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

بىزنىڭ قۇمنى تىزگىنلەش خىزمىتىمىز قانداق راۋاجلاندى؟ بىر جۈملە سۆزگە يىغىن-

چاقلىغاندا، ئىسلاھات ئارقىلىق، ئاممىنىڭ قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قۇمنى تىزگىنلەش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدۇق.

قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قۇمنى تىزگىنلەش — مىليونلىغان كىشىنىڭ ئىشى، كەڭ دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قوزغىغاندا ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى بۇ ئۇلۇغۋار ئىشقا ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلغاندىلا، ئاندىن بۇ ئىشتا ھەقىقىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئىلگىرى بىز قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قۇمنى تىزگىنلەشكە زور كۈچ سەرپ قىلىپمۇ باققان، ئەمما بۇ ئىشتا ئاساسەن مەمۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرۈش ئۇسۇلىغا تايانغانلىقىمىز ئۈچۈن، مەلۇم ئۈنۈمگە ئېرىشكەن بولساقمۇ، لېكىن بۇ ئىشنى ئاممىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن بىۋاسىتە باغلاش يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئۈنۈمى چەكلىك بولۇپ قالدى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئىچكى موڭغۇلنىڭ يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مەھسۇلاتقا باغلاپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى، بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىندى. كەڭ ئاممىنىڭ قۇمنى تىزگىنلەش ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش ئۈچۈن، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر بىرلىكتە تۇتۇش قىلىش سىياسىتىنى تۈزۈپ چىقتۇق. بۇنىڭدا كىم تىزگىنلىسە، كىم مۇھاپىزەت قىلسا، كىم ئاچسا، شۇ مەنپەئەتدار بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. قۇمنى تىزگىنلەشتىكى قىيىن قۇرۇلۇشلار ئاساسەن كوللېكتىپ ۋە دۆلەت (جۈملىدىن ئالاقىدار تارماقلار، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورمانچىلىق مەيدانلىرى، قۇمنى تىزگىنلەش پونكىتلىرى ۋە زاۋۇت، كانلار) نىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى؛ ئوتىيارىق تىزگىنلىگىلى بولىدىغان قۇملۇقلار دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ تىزگىنلىشىگە بېرىلىدىغان بولدى. كۆچەت تىكىپ، ئوت-چۆپ تېرىش ئىشلىرىدا، دۆلەت تەرىپىدىن بىنا قىلىنغانلىرى دۆلەتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىغان، شېرىكلىشىپ بىنا قىلىنغانلىرى شېرىكلەشكەنلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىغان، شەخسلەر تەرىپىدىن بىنا قىلىنغانلىرى شەخسلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىغان، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا ۋە ئۇنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىنىدىغان بولدى. بۇنىڭغا ئاساسەن مۇنداق بەش خىل ئۇسۇل قوللىنىلدى: 1) دېھقان چارۋىچىلارنىڭ ئورمان بىنا قىلىشقا باپ كېلىدىغان قاقاس تاغ، قۇملۇق ۋە بىنەم يەرلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، قۇمنى تىزگىنلەپ، ئورمان بىنا قىلىشىغا ئىلھام بېرىلدى. 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا، كوللېكتىپنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشى قولايسىز بولغان، ئورمان بىنا قىلىشقا باپ كېلىدىغان قاقاس تاغ، قۇملۇق ۋە بىنەم يەرلەرنى دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئاجرىتىپ بەردۇق ياكى ھۆددىگە بەردۇق، بۇ ئۇسۇل ئاممىنىڭ قۇمنى تىزگىنلەش-ئورمان بىنا قىلىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتا مۇھىم رول ئوينىدى، ئومۇمەن بۇ ئىشنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرغانلار خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. يېقىنقى ئىككى يىلدا، جايلار قاقاس تاغ، قۇملۇق ۋە بىنەم يەرلەرنى ھۆددىگە بېرىشتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئورمان بىنا قىلىشقا باپ كېلىدىغان قاقاس تاغ، قۇملۇق ۋە بىنەم يەرلەرنى ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ۋە باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئاشكارا كىم ئارتۇق قىلىپ ساتتى. "كىم سېتىۋالسا، شۇ تىزگىنلەش، كىم ئاچسا، شۇ مەنپەئەتدار بولۇش" پرىنسىپىغا ئاساسەن، ۋارىسلىق قىلىشقا، ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ۋە گۆرۈگە قويۇشقا رۇخسەت قىلىش، بۇنى نەچچە ئون يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك، بۇ يەرلەردە ئورمان بىنا قىلىشنى ئاساس قىلىش، بەلگىلەنگەن مۇددەتتە كۆكەرتىپ بولۇش چارىسى يولغا قويۇلدى. كىم ئارتۇق قىلىپ ساتقۇچى بىلەن

سېتىۋالغۇچى ئوتتۇرىسىدا توختام تۈزۈلدى ھەمدە قانۇن جەھەتتىن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش رەسمىيىتى بېجىرىلدى. ئەمما بۇ سىياسەتنى تازا ئالقىشلىدى، ئۇلار يەرلەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن كېلىشىمدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلدى، سېلىنما سېلىشقا قۇرسىقى ئاغرىمايدىغان بولدى، نەتىجىدە قۇمنى تىزگىنلەپ، ئورمان بىنا قىلىشتا قەدەم كۆرۈنەرلىك تېزلىدى. 2) يېزا-كەنت كوللېكتىپ ئورمانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلۇپ، كوللېكتىپنىڭ دەل-دەرەخلىرى ۋە كوللېكتىپنىڭ قۇمنى تىزگىنلەپ، ئورمان بىنا قىلىش ئىشلىرى بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى. ئورمانچىلىق مەيدانلىرى يېزا-كەنت ھاكىمىيىتىدىن ئاجراپ چىقىپ، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرىدىغان، ئۆز ئالدىغا ھېسابات قىلىدىغان، پايدا-زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان بولدى. ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا-كەنت كوللېكتىپ ئورمانچىلىق مەيدانىدىن 1357 سى بار، بۇلارنىڭ كۆلىمى 5 مىليون 380 مىڭ مو كېلىدۇ. ئەمەلىيەت يېزا-كەنت كوللېكتىپ ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ قۇمنى تىزگىنلەپ، ئورمان بىنا قىلىش ئىشىنى تۇجۇپلەپ باشقۇرۇش، بازا بەرپا قىلىپ باشقۇرۇش، ئاخىر زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەپكە قاراپ سىلجىتىشتىكى بىرقەدەر ياخشى تەشكىلىي شەكىل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. 3) پاي تۈزۈمى ئاساسىدا بىرلىشىپ باشقۇرۇش شەكلى يولغا قويۇلدى. بۇ شەكىلدە دەسلەپكى چاغلاردا پايغا سۇندۇرۇپ بىرلىشىپ باشقۇرۇش، پايغا قاراپ پايدا تەقسىم قىلىش ئۇسۇلى يولغا قويۇلغانىدى، كېيىن تەرەققىي قىلىپ سەرپ قىلىنغان ئەمگەك كۈچى، مەبلەغ ۋە ئۇرۇق-كۆچەتكە قاراپ پايغا سۇندۇرۇش ئۇسۇلى يولغا قويۇلىدىغان بولدى، بىرلىشىپ باشقۇرۇش شىركەتلىرى ياكى بىرلەشمە ئورمانچىلىق مەيدانلىرى قۇرۇلۇپ، پاي تۈزۈمى ئاساسىدىكى ئورمان بەرپا قىلىش ئىشى يولغا قويۇلدى. بۇ شەكىل كۆلەملىك ئىگىلىك باشقۇرۇشقا پايدىلىق. چىفېڭ شەھىرى سۇڭشەن رايونى تەيپىڭدى يېزىسىدا پايغا سۇندۇرۇپ بىرلىشىپ باشقۇرۇش ئۇسۇلى يولغا قويۇلغان 9 يىلدىن بۇيان، يېزا بويىچە ئورمان كۆلىمى 27 مىڭ مودىن كېڭىيىپ 34 مىڭ موغا يەتكەن، قاقاس تاغ، قۇملۇق، بىنەم يەرلەرنىڭ ھەممىسى كۆكەرتىلىپ بولغان، ئەمما ھەر يىلى ھەربىر پايدىن بىرنەچچە يۈز يۈەن دارامەت ئالغان. 4) دۆلەت بىلەن يېزا-كەنت كوللېكتىپ ئىگىلىكى ھەمكارلىشىپ ئورمان بەرپا قىلىش ئۇسۇلى يولغا قويۇلدى. دۆلەت ئورمانچىلىق مەيدانى ماشىنا، ئۇرۇق-كۆچەت، تېخنىكا چىقاردى، يېزا-كەنت كوللېكتىپى ئەمگەك كۈچى، يەر چىقاردى، ئورمان بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن، ياكى ئورمانلىق نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىنىۋېلىندى، ياكى كوللېكتىپ تەشكىلاتلىرى دۆلەت ئورمانچىلىق مەيدانلىرىغا تېگىشلىك ھەق تۆلىدى. بۇ شەكىلدە دۆلەت ئورمانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن يېزا-كەنت كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكلىرى ئارقىلىق بىر-بىرىنى تولۇقلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى ھەمدە بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتى بىرقەدەر ياخشى بىر تەرەپ قىلىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. مەسىلەن، جىرىم ئايمىقى خورچىن سول قانات ئوتتۇرا خوشۇنى يېقىنقى يىللاردىن بېرى مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ بىر مىليون مودىن ئارتۇق ئورمان بەرپا قىلغان. 5) بىر تۇتاش پىلانلاش ۋە لايىھىلەش، بىر تۇتاش تېخنىكا تەلىپى بويىچە ئىش كۆرۈش، بىر تۇتاش قۇرۇلۇش قىلىش، بىر تۇتاش تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، بىر تۇتاش كېسىش-يېغىلاش، رايونلارغا ئايرىپ تىزگىنلەش چارىسى يولغا قويۇلدى. نۇرغۇن جايلار يېزىنى ھەتتا خوشۇن، ناھىيىنى بىرلىك قىلغان ھالدا كەڭ كۆلەمدە كۈچ سەرپ قىلىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، تاغلار ۋە قۇملۇق يەرلەر بويىچە رايونلارغا ئايرىپ بىر-بىرلەپ تىزگىنلەپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ئېتىز-ئېرىق. ئىھاتە ئورمانلىقى بىلەن يايلاقتىكى ۋە چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئىھاتە ئورمانلىقىنى بەرپا قىلىش جەھەتتە، نۇرغۇن جايلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان "بەش بىر تۇتاش بولۇش" شەرتى ئاستىدا، ئائىلىلەر بويىچە ئورمان بەرپا قىلىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق ۋە مەنپەئەتنى ئائىلىلەرگە يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۇردى.

قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تىزگىنلەش ئىشلىرى سىستېما قۇرۇلۇشىدۇر. قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تىزگىنلەش خىزمىتى ئۇستىدىكى ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ساغلام راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، بىز قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇرۇشلەشكەن بەزى تەدبىرلەرنىمۇ قوللاندۇق.

بىرىنچى، ئاپەتكە قاراپ مۇداپىئە كۆرۈش، جايلار ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ئىش قىلىش، بىر تۇتاش پىلانلاش، رايونلارغا ئايرىپ تىزگىنلەشتە چىڭ تۇردۇق. ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى قۇملۇقلارنىڭ تىپى خىلمۇخىل، شارائىتى تولىمۇ پەرقلىق. بىز مۇشۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ھەر خىل تىپتىكى قۇملۇقلارغا ۋە قۇملىشىپ كەتكەن تۇپراققا قارىتا ئوخشاش بولمىغان تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللاندۇق. ئاھالىلەر شالاڭ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى دائىرىسى كەڭ قۇملۇقلارنى تىزگىنلەشتە قۇملۇق رايوندىكى يېپىنچىلارنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، شارائىتى بار جايلاردا كۆچمە قۇملارنى تىزگىنلەپ، دەل-دەرەخ تىكىش، ئوت-چۆپ ئۆستۈرۈش ۋە ئايروپىلان بىلەن دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپ ئۇرۇقى چېچىش ئىشلىرىنى يولغا قويدۇق. مەسىلەن، ئالشا ئايمىقى قايتا ھاسىل بولغان ھازىرقى تەبىئىي ئورمانلىقلارغا قارىتا، كۆچمە قۇملارنى تىزگىنلەش، دەل-دەرەخلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش چارىسىنى قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئايروپىلان بىلەن دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپ ئۇرۇقى چېچىش سىنىقىنى پائال ئېلىپ بېرىپ، يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 200 مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان قۇرغاق رايوندا ئايروپىلان بىلەن ئورمان بەرپا قىلىش، ئوت-چۆپ تېرىش ئىشىدا ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، 1993-يىلىغا كەلگەندە، بۇ ئايماق ئايروپىلان بىلەن بەرپا قىلغان ئورمان ۋە ئۆستۈرگەن ئوت-چۆپ كۆلىمى جەمئىي 1 مىليون 400 مىڭ موغا يەتتى. شارائىتى بىرقەدەر ياخشى بولغان خورچىندىكى ئېقىنلار، موئۇس سايلىقى ۋە يىنشەن تېغىنىڭ شىمالىدىكى قۇم-بورانلىق رايونلار يېقىنقى ۋاقىتتا تىزگىنلىنىدىغان مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، دەريا، ئېقىن، ئېتىز، ئورمان، يوللارنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش تەدبىرى قوللىنىلىپ، تىزگىنلەش قەدىمى تېزلىتىلدى. چارۋىچىلىق رايونىغا جايلاشقان، ئەمگەك كۆچى ئاز بولغان خولۇن بوئىر سايلىقى بىلەن خۇنشەنداك سايلىقىغا قارىتا، ئاساسەن كۆچمە قۇملارنى تىزگىنلەش، دەل-دەرەخ تىكىش، ئوت-چۆپ ئۆستۈرۈش چارىسى قوللىنىلدى. ھازىر خولۇن بوئىر سايلىقىدا كۆچمە قۇملارنى تىزگىنلەپ، موڭغۇلىيە دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن يەر كۆلىمى 1 مىليون 700 مىڭ مودىن ئاشتى، 300 مىڭ مودىن ئوشۇق كۆلەمدىكى دەرەخلەر ئەي بولۇپ، كۆچمە قۇملارنى تىزگىنلەش، ئورمان بىنا قىلىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. كۆچمە قۇملارنى تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ قەدەم-باسقۇچى جەھەتتە، ئاپتونوم رايون بويىچە بىر تۇتاش پىلانلاش، مۇددەتكە بۆلۈپ قۇرۇلۇش قىلىش، ئاۋۋال يېقىندىكىسىگە، ئاندىن يىراقتىكىسىگە، ئاۋۋال ئوڭايلىرىغا، ئاندىن قىيىنلىرىغا تۇتۇش قىلىش، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۇرۇش، ئادەتتىكىلىرىگىمۇ ئېتىبار بېرىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى، قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تىزگىنلەش

خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش ئاساسىدا، 23 خوشۇن، ناھىيىنى قۇمنى تىزگىنـ
لەشتىكى نۇقتىلىق خوشۇن، ناھىيە قىلىپ بەلگىلىدۇق، بۇ خوشۇن، ناھىيىلەر يېقىنقى
بىرنەچچە يىلدىن بېرى قۇمنى تىزگىنلەش خىزمىتىدە يېڭى قەدەملەرنى تاشلاپ، كۆرۈنەرلىك
نەتىجىگە ئېرىشتى.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ ۋە مۇكەممەللەشـ
تۈرۈلۈپ، ھەر تەرەپلىمە مۇلازىمەتچىلىك ياخشى يولغا قويۇلدى. ئاساسىي قاتلام ئورمانچىـ
لىق پونكىتلىرى، قۇمنى تىزگىنلەش پونكىتلىرى، زىيانداش ھاشارەتلەردىن مۇداپىئە كۆـ
رۈش پونكىتلىرى، ئۇرۇق-كۆچەت پونكىتلىرى قاتارلىقلار ئىجتىمائىيلاشقان ئورمانچىلىق
مۇلازىمەت سىستېمىسىدىكى ئاساسىي كۈچ بولۇپ شەكىللەندى، بولۇپمۇ يېزا-بازار ئورمانـ
چىلىق پونكىتلىرى ھەم يېزا-چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى
راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكلەپ ۋە تەشكىللەپ، دېھقان-چارۋىچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان
ئاساسىي قاتلام ئورنى، ھەم يېزا-چارۋىچىلىق رايونىدىكى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سىستېما
قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بىرنەچچە يىل قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىسىدا، ھازىر
ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا-بازار ئورمانچىلىق پونكىتلىرى 1080 گە يەتتى. بۇ پونكىتلار
ئاممىنىڭ قۇمنى تىزگىنلەپ، ئورمان بىنا قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشـ
تىن بۇرۇن، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىن مۇلازىمەت قىلىش
ئىشلىرىنى يولغا قويماقتا، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ۋە
ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، بارغانسېرى زور رول ئوينىماقتا.

ئۈچىنچى، ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش، ئۇنىۋېرسال ئېچىش، پايدىلىنىش ئىشلىرىنى
يولغا قويۇپ، ئورمانچىلىق، قۇمچىلىق ئىشلىرىنى تىرىشىپ بازارغا يۈزلەندۈردۇق. قۇمدىن
نوقۇل، پاسسىپ مۇداپىئە كۆرۈشتىن ھەر تەرەپلىمە تىزگىنلەش، ئېچىش، پايدىلىنىشقا
بۇرۇلۇش قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تىزگىنلەش جەريانىدىكى زور ئۆزگىرىشتۇر.
ئەگەر قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تىزگىنلەش ئارقىلىق ئاپەتنى پايدىغا ئۆزگەرتىپ،
خەلقنى بېيىتىش مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغان بولساق، ئاممىنىڭ قۇمنى تىزگىنلەش ئاكتىپلىـ
قى ئۇزاققىچە داۋاملىشالمايدۇ. شۇڭا، بازارنى يېتەكچى قىلىپ، مۇداپىئە كۆرۈش، تىزگىنـ
لەش ۋە پايدىلىنىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىقتىسادىي
ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قۇمنى تىزگىنلەشنىڭ مۇھىم
مەزمۇنىدۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئاساسىي گەۋدە بويىچە
دەل-دەرەخ تىكىش، ئاساسىي گەۋدە بويىچە ئېچىش، بىرلەشمە ئىگىلىك باشقۇرۇشقا زور
كۈچ سەرپ قىلىپ بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. دېھقانچىلىقنى ئورمانچىلىققا ئېلىپ كىرىش،
چارۋىچىلىقنى ئورمانچىلىققا ئېلىپ كىرىش، ئىقتىسادىي ئورمان كۆلىمىنى كېڭەيتىش،
ئېكولوگىيىلىك ئىقتىسادىي جىلغىنى ۋە كىچىك جانلىقلار چەمبىرىكىنى بەرپا قىلىش ،
تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قاشالانغان كىچىك
يايلاقلارنى بەرپا قىلىش ، قۇملۇق رايونلاردا سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىش، قۇملۇقتا ئۆستۈرۈشكە
باپ كېلىدىغان دورا ماتېرىياللىرى ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىش قاتارلىق ئىشلاردا
ئىنتايىن روشەن ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن
بىللە، قۇملۇق رايوندىكى بايلىق مەنبەسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، قۇملۇق رايوندا كانچىلىق،
يىغمىچىلىق، قىپچا-تال توقۇمىچىلىقى، ئورمانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ
ئىشلەش كەسپىنى پائال راۋاجلاندۇردۇق، قۇملۇق رايوندىكى دۆلەت ئورمانچىلىق مەيدانلىـ

رى، قۇمنى تىزگىنلەش پونكىتلىرى ۋە كۆچەتخانىلاردىلا يولغا قويۇلغان كۆپ خىل تىجارەت تۈرلىرى ئاز كەم 1000 غا يەتتى، بۇلارنىڭ يارىتقان يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 260 مىليون يۈەنگە يەتتى، پايدا ۋە بېجى 20 مىليون يۈەندىن ئاشتى. قۇم ئاپىتىنى تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنى جانلىق بىرلەشتۈرىدىغانلا بولساق، قۇملۇق رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتەلەيمىز.

(ئاپتور: ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان سابىت
مەسئۇل مۇھەررىر: ئايشەم تاۋار

# ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى مۇنداق دەپ ئۇقتۇرۇش تارقاتتى

# «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش — جىددىي نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىدۇر

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى يېقىندا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، جايلاردىن «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ تارقىتىش، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىككە ئەھمىيەت بېرىشنى ۋە ئۇنى كۈچەيتىشنى، «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى جىددىي نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى سۈپىتىدە ئوبدان ئورۇنداشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى — ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى، بۇ ژۇرنال ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىش، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. ئىسلاھات چوڭقۇرلىشىۋاتقان ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىۋاتقان يېڭى تارىخىي دەۋردە نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش تېخىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈملىرى «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى جىددىي نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى سۈپىتىدە ئوبدان ئورۇندىشى كېرەك.

**1. جايلار «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ تارقىتىش، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىككە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى كۈچەيتىشى، پارتكوم تەشۋىقات تارماقلىرى بۇ خىزمەتكە بىر رەھبىرىي يولداشنى مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىشى كېرەك.**

**2. ھۆكۈمەت خىراجىتى ھېسابىغا گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولغۇچى ئورۇنلار «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇشنى ئالدى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك. ئاساسىي قاتلامدىكى پارتكوملارنىڭ ۋە ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش راسخوتىنى پارتىيە بەدەل پۇلىدىن چىقىم قىلىشقا بولىدۇ.**

**3. جايلاردىكى پوچتىخانىلار گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى مەزگىلىدە، «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنى تەشۋىق قىلىش ۋە بۇ**

ژۇرنالغا مۇشتىرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ئىشلەپ، «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ تارقىتىلىش مىقدارىنى ھازىرقى سەۋىيىدە مۇقىم ساقلاپ قېلىشنى ۋە تىرىشىپ ئاشۇرۇشنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يېڭى كىتابلار ئۇچۇرى

كىتابخانىلىرىمىز تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى. 4-توم» يېقىندا تارقىتىلدى. كادىرلىرىمىز ۋە كەڭ ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىشىگە بېغىشلانغان «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دېگەن نېمە؟» ناملىق كىتاب نەشر قىلىندى. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، چىرىك ئۇنسۇرلارنى پاش قىلىش مەزمۇنىدىكى «ھوقۇق-پۇل سودىسى» ناملىق كىتاب يېقىندا نەشردىن چىقىدۇ.

بۇ كىتابلارنىڭ مەزمۇنىنى «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ بۇرۇنقى سانلىرىدا تونۇشتۇرغاندۇق. بۇ كىتابلارغا ئېھتىياجلىق ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ ئۆز جايىدىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى بىلەن ئۇقۇشۇشىنى سورايمىز. كىتابخانىلاردىن تېپىلمىسا، بىز بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئادرېسىمىز مۇشۇ ژۇرنالنىڭ مۇندەرىجىسىدە.

بىز بۇنىڭدىن كېيىن نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان كىتابلىرىمىزنىڭ مەزمۇنىنى «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ مۇقاۋىسىدا ۋاقتى-ۋاقتىدا تونۇشتۇرۇپ تۇرىمىز. ئوقۇرمەنلەرنىڭ كىتاب ئۇچۇرىغا دىققەت قىلىشىنى، پەيتنى قولدىن بەرمەي كىتابلىرىمىزنى سېتىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

《求是文选》（维吾尔文版） 国外代号：M5——V 国内统一刊号：CN11—2498

邮发代号 2—373 定价：0.95 元 邮政编码： 100013